ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 76 ـ سان

2001

باش مۇھەررىر:   ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:   پەرىدە ئىمىن
مۇھەررىر:   ئەزىز تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

## 2001 - يىللىق 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەرجىمىهال خاراكتېرىدىكى ئىككى پارچە ئەسىرى............
(5) ..........................................................................................
سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى........ ئەلىشىر نەۋائى(9)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ
كىتابى ئابدۇللاھ.......................... ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب فوسكامى(26)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ........................................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان(36)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى .................. ھېرمان ۋامبېرى(47)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇلۋەھھاپ قادىر

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجىزەر (داستان) ............ (61)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: -سۇلايمان يۇنۇس
قارىغۇ كۆزنى ئاچقان قىز(چۆچەك) ............................................ (76)
رەتلىگۈچى: ئابلاجان مامۇت

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»............................................
...... ............................................... مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق(80)

چاغاتاي ئەدەبىياتى ............................ ك . م . فۇئاد (86)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى


### تېبابەت دۇردانىلىرى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت بايانلار..........
.................... غەيرەت ئابدۇرەھمان (91)


### بىز دىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت


ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى ··· مۇھەممەت ئوسمان (100)


### كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى


تەشەككۇر، تەشەببۇس ۋە تەپەككۇر .................... پەخرىددىن ئىمىن (107)

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى.................................. (111)


* *


خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرادىل ئابىد


* *

**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى. (رەسسام: ب. ۋ. پېسمۇنسكى)، 1959 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «خەزايىنۇل ـ مەئانىي I » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

**مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ئۈچىنچى بەتلىرىدە:** «سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى» ناملىق قوليازمىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «غەرايىبۇس ـ سىغەر» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر يۈز تۆت ۋە بىر يۈز بەشىنچى بەتلىرىدىن ئېلىنغان سۈرەت. بۇ نۇسخا مىلادى 1466 ـ يىلى سۇلتان ئەلى مەشھەدى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىر سانكىت پېتىربورگدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. 1959 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «خەزايىنۇل ـ مەئانىي I » ناملىق كىتابنىڭ 106 ـ، 107 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

بۇ يىل ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 560 يىل، ۋاپاتىغا 500 يىل بولغان مۇھىم خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەستىلىك يىل. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1501) نى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇ ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ تەۋەللۇدى ھەم ۋاپاتىنى خاتىرىلەيمىز.

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئىككى پارچە ئەسىرى

نەۋائى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. 15 ـ ئەسىر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە مىسلىسىز زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر. 15 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نۇرلۇق سىماسى. ئۇ تۈركىي خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەردى. شۇڭا، نەۋائى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇلۇغ نامايەندە. ئۇنىڭ قالدۇرغان ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، كۆچۈرۈلۈپ، يادلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ غەزەللىرى سەنئەتكارلار ئۈچۈن تېكىست مەنبەسى، ئەدىپلەر ئۈچۈن ئىلھام بۇلىقى بولۇپ كەلمەكتە. نەۋائى ئەينى زاماندا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر يېزىق تىلىنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي تىلى» دا يازغان. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇ خىل شەكىل ۋە ژانىرلىرىنى قوللىنىپ ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ پارلاق ئۈلگىلەرنى ياراتتى. 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ لىرىك پوئېزىيىسىنى يۈكسەك چوققىغا كۆتۈردى.

نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ خىل بولۇشتىن تاشقىرى ھەجىم جەھەتتىكى چوڭلۇقى، تۈر ۋە ژانىر جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە خىلمۇ خىل ماۋزۇلاردا ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەر تېماتىك مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى، ژانىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ.

نەۋائى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا يەنە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تارىخىي ئەھمىيىتى زور بولغان تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، تەزكىرە، پەلسەپە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى،

شئېرىيەت نەزەرىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت پارچە تەزكىرە ئەسىرى بار. بۇنىڭ بىرى ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغانلارنى دەۋر قىلغان ھالدا 458 دىن ئارتۇق مەشھۇر ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە ئەدىپنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرى، يەنە بىرى نەۋائىينىڭ ئۇستازى، مۇرشىدى ھەم دوستى ئابدۇررەھمان جامىغا ئاتاپ يازغان «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ناملىق ئەسىرىدۇر. قالغان ئىككىسى بىز تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرى ھەم مەسلەكداشلىرى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ۋە پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتىگىرغا بېغىشلاپ يازغان ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

«سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» ۋە «پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتىگىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» ناملىرى بىلەن ئاتالغان قولىمىزدىكى بۇ ئىككى پارچە ئەسەر ھازىرغىچە شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان، نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرىنىڭ مۇھىم قولىيازما نۇسخىلىرىدىندۇر.

ئۇزۇندىن بۇيان كىتابخانلىرىمىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئەمما تولۇق تېكىستىنى كەم ئۇچراتقان بولۇشى مۇمكىن. نەۋائىدەك بىر ئۇلۇغ ئەربابىنىڭ قەلەم تەۋرىتىپ تەرجىمىھال يېزىشىغا ئەرزىگەن بۇ زاتلار توغرىسىدا تەپسىلىرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، نەۋائىينىڭ ئۇلار ھەققىدە يازغانلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە يورۇقلۇققا چىقىشىغا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تېپىلىشى نەۋائىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، نەۋائىي دەۋرىدىكى چاغاتاي تىلى، ئەدەبىيات، تارىخ، مەدەنىيەت، دىن، پەلسەپە، مۇزىكا قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە توختىلىدۇ. بۇ يەردە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىشتىن ئاۋۋال، قولىيازمىنىڭ ھەجمى، كۆچۈرۈلۈشى، كاتىبى ۋە ماۋزۇسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن.

ئۈچ قولىيازما ئەسەر بىر جىلد ئىچىگە قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، ئالدىنقى تەرىپىگە «رۇقئات نەۋائىي» كۆچۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى بولۇپ «سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» كۆچۈرۈلگەن؛ ئۈچىنچى بولۇپ «ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتىگىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى پارسى ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ «سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» جەمئىي يىگىرمە تۆت بەت، «پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتىگىر ھەققىدە نەۋائىي تەسنىفاتى» جەمئىي ئوتتۇز ئىككى بەت. ھەربىر بەتنىڭ ھەجمى 23×13 سانتىمېتىر، بەزى بەتلەرگە ئون تۆت قۇردىن، بەزى بەتلەرگە ئون بەش قۇردىن خەت يېزىلغان. قولىيازما تېكىستى قارا سىيادا، ئەسەر ماۋزۇسى ھەمدە بېيىت، رۇبائىي، مەسنەۋى، مەقتەئ، مەتلەئ قاتارلىق سۆزلەر قىزىل سىيادا يېزىلغان. قولىيازما قومۇش قەلەم بىلەن تاش سىياھ ئىشلىتىپ كۆچۈرۈلگەن. ئەسەردە ئاپتور ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەن. بىراق، مۇناسىۋەتلىك بەزى ماتېرىياللاردا بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن. بىرىنچى ئەسەر 1490 ـ يىلى يېزىلغان. نەۋائىي ئەسەردە سەيىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ ھىجرىيە 894 (مىلادىيە 1488 ـــ 1489) ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. نەۋائىي بۇ ئەسەرنى دوستىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ۋاپاتىغا قايغۇرۇش ھەم ئۇنى ئەسلەش

www.uyghurkitap.com

يۇزىسىدىن يېزىپ چىققان. پەھلىۋان مۇھەممەد ھىجرىيە 899 (مىلادىيە 1493 ــ 1494) ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاپتور پەھلىۋان مۇھەممەدكە بېغىشلىغان بۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يازغان.

قولىيازمىنى كۆچۈرگۈچى، كۆچۈرگەن ۋاقتى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

ئىككى ئەسەرنى ئوخشاش بىر كىشى كۆچۈرگەن بولۇپ، قولىيازمىنىڭ بىرىنچى بەت سول تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىگە «بقلم فنائى» ۋە «فنائى مەكتۇباتى» دەپ يېزىلغان. «بقلەم فەنائى» دېگەن «فەنائىنىڭ قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فەنائى مەكتۇباتى» بولسا «فەنائى كۆچۈرۈپ يازدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قولىيازمىنىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرگۈچى «تەممەتىلكتاب مىشكىن ختاب ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب»

(ئىپاردەك خۇش پۇراق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن كىتاب كۆچۈرۈلۈپ تاماملاندى. ئۇنىڭ راستلىقىنى ‹يەنى توغرا كۆچۈرۈلگەنلىكى، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. كىتاب يازغان بەك ساۋاب) دەپ يازغان. ئاندىن ئۇ ئۆزى بىر بەتلىك نەزم يېزىپ چىققان.

نەزم ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلەك سەككىز بېيىتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، ئومۇمىي مەزمۇنى مەرسىيە خاراكتېرلىك بولۇپ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاخىر ئۆلۈپ تۈگەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى، ھەتتا ئەلىشىردەك زاتنىڭمۇ ئۆلۈم ئىسكەنجىسىدە تۈگىگەنلىكىنى، خاقانلارنىڭمۇ ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىنى، شۇڭا دۇنيادا قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ياخشى نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇش لازىملىقىدەك پەلسەپىۋى پىكىر ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان تۆت بېيىتتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ بۆلەك مەزمۇننى ئىپادىلەش جەھەتتە بىر قەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدا يېزىلىشىچە، كۆچۈرگۈچى قولىيازمىنى ھىجرىيە 1363 (مىلادىيە 1943 ــ 1944) ـ يىلى رامازان ئېيىدا يەتتە كۈندە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققان.

ئۇ بۇ ئەسەرنى ئەلىشىر نەۋائىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى بىلەن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كىشىلەرگە ياخشىلىق بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

ئەينى دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەر خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلاتتى. كىتاب كۆچۈرۈش ناھايىتى ياخشى، ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، كۆچۈرگۈچى كىتاب كۆچۈرۈشنى، بولۇپمۇ نەۋائىدەك بۇ داڭلىق ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشنى ناھايىتى چوڭ ئىش، «ساۋابلىق ئىش» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ ئەسەرنى رامازان ئېيىدا كۆچۈرگەنلىكىگە كەلسەك، مۇسۇلمانلار رامازان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇپ، ئاللاھقا بولغان ئىخلاسى، چىن ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ. شۇڭا رامازان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ئۇلۇغ بىر ئاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئايدا كەمبەغەل، پېقىر، مىسكىن، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىيلاش، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش، جەمئىيەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆچۈرگۈچى «كىتاب پۈتكەن بەك ساۋاب» دېگەن سۆز بىلەن ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىغا كېلىدىغان بولساق ئەسلى قولىيازمىدا «سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى» ۋە «پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى» دەپ ئېلىنغان. «تەسنىف» ئەرەبچە «يېزىش، ئىجاد قىلىش» مەنىسىدىكى سۆز. «تەسنىفات»

بولسا تەسنىپ سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدىن ئىبارەت. دېمەك، «تەسنىفات»، «ئەسەر، يازغانلىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. نەۋائى بۇ ئەسەردە «تەسنىفات» سۆزىنى ئىككى خىل مەنىدە ئىشلەتكەن. بىرى، «ئەسەر، كىتاب» مەنىسىدە قوللانغان، يەنە بىرى، «كۈي، ئاھاڭ، كۈيلەرنىڭ بۆلۈنىشى» مەنىسىدە قوللانغان. بۇندىن باشقا يەنە «مۇقاملار، غەزەللەر» مەنىسىدە ئىشلەتكەن. نەۋائى ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى «تەسنىفات» دەپ ئاتىغان. دېمەك، نەۋائى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى «تەسنىفات» دەپ ئاتاش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇشى كېرەك. ئۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ يازغان ئىجادىي ئەسەرلىرى «تەسنىفات» نامى بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسىمۇ «تەسنىفات» دېيىلگەن. بۇ نام پەقەت قولىمىزدىكى مۇشۇ قولىيازمىدا ئۇچرايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئەسەر توۋەندىكىدەك خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان.

1. «ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر»
2. «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»
3. «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد ئەبۇسەئىد»
4. «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد ئەبۇ سەئىد ۋە ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر»

«ھالات» دېگەن ئەرەبچە «ھالەت» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ھالەت، ئەھۋال، رەۋىش، سۈپەت، ئوبراز» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

بۇ زاتنىڭ ئىسمى ــ شەرىپلىرى قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىدا «پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر» دەپ ئېلىنغان. باشقا ماتېرىياللاردا «پەھلىۋان مۇھەممەد» دېيىلىپ «كۈشتىگىر» سۆزى ئېلىنمىغان. ھالبۇكى ئەسەر مەزمۇنىغا قارىغاندا «كۈشتىگىر» سۆزىنى ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئېيتىش توغرا بولغاندەك تۇرىدۇ.

توۋەندىكى ئاساسلار بۇنداق دېيىشىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بىرىنچىدىن، «پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر» ئەسەرنىڭ تېكىست قىسمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنى ئاپتور مۇشۇ شەكىلدە ئالىدۇ. بۇنداقتا ماۋزۇ بىلەن تېكىستى بىردەكلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. نەۋائىنىڭ «تاغاسى ئەبۇ سەئىد پەھلىۋانكىم، زەمانىنىڭ پەھلىۋان ۋە مۇسەللەم كۈشتىگىرىدۇر ئەركەن» دېگەن جۈملىسىدىن «پەھلىۋان» سۆزى بىلەن «كۈشتىگىر» سۆزىنىڭ ئۇقۇم جەھەتتە پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇ ئىككىسى پارسچە سۆز بولۇپ «پەھلىۋان» «چېمپىيون، قەھرىمان، غالىپ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «كۈشتىگىر» ئادەتتىكى چېلىشچى بولسا، «پەھلىۋان» چېلىشلاردا ئۇتۇپ، ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، چېلىشچىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغان باتۇر چېلىشچىغا بېرىلىدىغان نام. ئەسەردە كۆپ جايلاردا پەھلىۋان مۇھەممەدنى «پەھلىۋان» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى بولسا «كۈشتىگىر» دەپ ئاتايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ كىچىكىدە چېلىشچىلىقتا تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ «شاگىرت كۈشتىگىر» دەپ نام ئالغان. ئۇ پەھلىۋانلىق دەرىجىسىگە يەتكەندىمۇ، بۇ نامنىڭ ئۆزىگە سىڭىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن «كۈشتىگىر» نى ئۆزىنىڭ شىئىرىيەتتىكى تەخەللۇسى قىلىۋالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ زاتنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا خۇددى «پەھلىۋان» سۆزىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمىغاندەك «كۈشتىگىر» سۆزىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. «پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر» سۆزىنىڭ مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ماۋزۇسىدا تولۇق شەكىلدە ئېلىنىشى باشقا تولۇقسىز ئېلىنغان مەنبەلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئاسىيە مۇھەممەت

لۇتۇف ئەيلەبان ئەي نەسىمى قۇدس ئاسار،
بىر قاتلا فەنا گۈلشەنىگە ئەيلە گۈزار.
ئەھبابىكىم تافتىلار ئول يەردە قەرار،
مەندىن يەر ئۆپۈپ ئەرزى نىياز ئايت زىنھار.

سالىكى فانى ۋە گەۋھەرى كانى، پىشۋايى ئەھلى مەئارىف سەيىد ھەسەن ئەردەشىر رەھمەتۇللاھۇ ئەلەيھى سىيەر ھالاتىدا.

ئۇلارنىڭ ئاتى ئەردەشىر بايسۇنغۇر مىرزا موللا ئېركەندۇر. قۇشچىلىق شىۋەسىندە مۇلازىمەت قىلۇر ئېركەندۇر. ئول فەندە غايەت مەھارەتىدىن قۇش بېگىلىك مەنسەبكە يېتىبدۇر. بەلكى مۇندىن دەغى كوپراق مەناسىب كەسب ئېتىبدۇر. بەيت:

كۆپ ھۇنەرلىك كىمسە شەھلەرغە ئېتەر دەمسازلىق،
قۇش تىلىن بىلگەن سۇلايمانغە قىلۇر ھەمرازلىق.

ئەمما ئۆزلەرى ھەم ئول ئاتالارى مۇلازىمەتى مۇتابىئەتىدە بايسۇنغۇر مىرزا خىزمەتلەرىدە بولۇپدۇر ۋە كىچىك ياشىدىن بىتىگگە تەبىئەتلەرى مايىل ۋە مۇلايىم ئېرمىشلەر. بەيت:

چۇن تەبئى مۇلايىم بولۇر ھەر ئىشە مايىل،
ئاز ۋەقتىدە كۆپ نەۋئى قىلۇر كەسبى فەزايىل.

ئەمما چۇن ئۇلار كىچىكلىكدە فەزايىلى كەمالات ئىكتىسابىغە ئەۋقاتلارىن سەرف قىلۇر ئېرمىشلەر. فات فۇرسەتدە ئەبنايى ئىنسان جىنسىدىن ھەر بىلىك بابىدا مۇمتاز، بەلكى كۆپراق زەمانىنىڭ تەبئى ۋە فەزل ئەھلىغە فايىق ۋە سەرەفراز بولۇپدۇرلار.
ئەمما ئەدەب، ئىلىم، تەۋازىئ، ھەيادا ئانىڭدەك ئېرمىشكىم، بۇ مۇجمەل مەزكۇر بولغان فەزايىلدىنكى تەفسىلى: سەرف، نەھۋ، لۇغەتى ئەرەبى ۋە مەنتىقى كەلام ۋە فىقھى ھەدىس ۋە تەفسىردۇر. سايىرى فەزايىل، مەسەلەن: شېئىر ۋە مۇئەمما، تارىخ ۋە نۇجۇم، ئەدۋار ۋە مۇسىقىلارداكىم، ئۆز ئەسرىنىڭ يىگانەئى دەۋرانى ئېرمىشلەر. ئەگەر بەزى مەجالىسلەردە سۆز ئۆتسە ئېركەندۇر، باۋۇجۇد ئولكى، مەجلىس ئەھلىنىڭ كۆبىدىن ياخشىراق بىلۇر ئېركەندۇر ھەم ھەيا، ھەم ئەدەب جەھەتىدىن بىرەۋگە ئىلزام خىجالەت يەتمەسۇن دەپ، سۆزنى ئاز قىلۇر ئېركەندۇر. بەلكى كۆپ مەجالىسدە تەكەللۇم ھەم قىلماس

ئىرمىشلەر.

بۇ ھەممىدە خىسال، پىسەندىدە ئەفئال بىلەن ياخشى - يەمان، ئەھلى زەمان قاشىدا ئەزىز، مۇكەررەم، شەرىف ۋە مۇھتەرەم ئىرمىشلەر. بەيت:

پاك گەۋھەرىكى بولدى پاك شىئار،
شەھلار باشى ئۈستىدە يەرى بار.

ئول پادشاھ بۇ ھالەتلەرىن كۆرۈپ ئۇلارغا فەرزەندانە ئىلتىفاتلار قىلمىشلار. ئۆزىنىڭ بەئزى فەرزەندىكىم، ھالاتى كۆڭۈللەرىغە ياقماس ئىرمىشلەر، ئۇلارنىڭ قىلىـغلارىدىن تەئەسسۇف يەپ دەر ئىرمىشكىم:

«نەبولغاي ئىردى، سىنىڭ ئەفئالى خىسالىڭ ئۇلارغا ئوخشاسا ئىردى!»

فەلەك قەزاسىدىن ۋە روزگار ھەۋادىسىدىن ئانداغكى، ئۆزگە پادشاھلار يەنە بىر مۇلككە ئەزىمەت قىلۇر ئىرمىشلەر. ئول پادشاھ داغى ئۇلار تەرىقىن تۇتتىلار، ئۇلارنىڭ ئاتاسى داغى ئۆزگەلەر ئاتاسى سۇلۇكىغە كىردىلەر. بەيت:

كېتەرغە كېلۇر مۇنچە شاھۇگەدا،
ئەگەر خۇد ئوغۇلدۇر ۋەگەرخۇدئاتا.

ئۇلار ئۇلۇمى زاھىر ئىشتىغالىدىن فەراغەت تاپپىدۇلار. سۇپاھىلىقدىن تەخى بىھاجەت ئىرمىشلەر.

ئەمما ئۇلارنىڭ يارى پادشاھزادەلەركىم، بايسۇنغۇر مىرزانىڭ ئوغلانلارى بولغان، مەسىلەن: ئەلائۇددەۋلە مىرزا ۋە سۇلتان مۇھەممەد مىرزا ۋە بايەزىد مىرزا بىر - بىرىدىن مۇتەئاقىب سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇبدۇر.

ھەددىن ئۆتكەندىن ئانداغكى ئۆزلەرىن شەباب ئەليامى ئىقتىزاسىدۇر، مەي ئىچمەككە ۋە لەۋەندۇۋەشلىغلەرغە ۋە ئىشق پىشەلىكلەرغە سەلبدۇر.

چۇن زاتى ۋە تىينەتلىرى پاكلىغىغە ۋە كۆز كۆڭۈللەرى ئارىغلىقىغە مەشھۇردۇر ۋە مۇقەررەر ئىرمىش. زەمانىنىڭ ئەسىل مىرزادەلەرى بەلكى جەمىل شەھزادەلەرى تەرەددۇدى ھىجابسىز ۋە تەھاشى ئىزتىرابسىز ئۇلار بىلە مۇساھىب بولۇر ئىرمىشلەر ۋە ئۇلار سۇھبەتىن مۇغتەنەم ۋە مۇتەنەئىم تۇتار ئىرمىشلەر. بەيت:

فانىۋەشكى ھەم سۆزىدۇر پاك ھەم ئۆزى،
خۇش دەۋلەت ئول كىشىگە كى تۇشكەي ئانىڭ كۆزى.

بايسۇنغۇر مىرزا زەمانىدىن سۇلتان بابۇر مىرزا زەمانىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قەرنغە يېقىن كۆپراق ئۇلارنى تەئەييۇنلۇق بىلە ئۆتكەرىپدۇر.

سەلتەنەت تەختى سۇلتان ئىبراھىم مىرزاغە قەرار تۇتقانداكىم، تارىخ سەككىز يۈز ئاتمىش بىر ئىردى، بۇ فەقىر ئۇلار سۆھبەتىغە مۇشەررەف بولدۇم. ئۇلار تەرىقى ۋە رەۋىشى بۇ فەقىرنى ئانداق شىفتەھۇ شەيدا قىلدىكىم، بىر كۈن ئۇلار مۇلازىمەتىـغە يەتمەسەم شەكىبالىغىم يوق ئىردى. ئۇلارنىڭ ھەم ئىلتىفات مۇلايىمەتلەرى فەقىر بىلە ئول مەرتەبەدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېردىكىم، ئول كۈن ئۇلار خىزمەتىغە يەتمەسەم، ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ ئەھۋال سورار ئېردى: «مۇشەۋۋەشلىك يەتتىكىم، بۇگۈن سىزدىن خەبەر تاپائالمادۇق» دەر ئېردى.

بۇ فەقىرنى فەقىرلىق تەرىقەسىگە دەلالەت ۋە ئېرشاد قىلۇرلار ئېردى ۋە نەزمى ئايتۇرغە تەشۋىقات ۋە تەكلىفات كۆرگۈزۈر ئېردى. چون ئول ۋەقتكىم، فەقىرنىڭ نەزمى خوراساندا شۆھرەت تۇتۇپ ئېردى. ئۇلار تېخى ئىلتىفات قىلىپ، بەزى ئەبياتىنى كۆپ ئوقۇر ئېردى ۋە مەجلىسلەردە خۇشۋەقت بولۇر ئېردى. ئول جۇملەدىن بىرى بۇدۇركىم: **بەيت:**

فۇرقەتىڭدىن كۆڭلۇم ئۇزرە چون تۆكەرمەن لالەلەر،
لالەلەر ئېرمەسكى باغرىمدىن ئېرۇر پەرگالەلەر.

يانا بىرى بۇدۇركىم:

ئول پەرىۋەشكىم، بولۇپمەن زارۇسەرگەردان ئاڭا،
ئىشقىدىن ئالەم ماڭا ھەيرانكى، مەن ھەيران ئاڭا.

بۇ بەيتنى داغى كۆپ ئوقۇر ئېردىلەركىم، **بەيت:**

ھەرنېچەكى پۇختە بولسا تەدبىر،
بەرگەي ئاڭا گۇشمال تەقدىر.

ۋە تۈركىگۈي شۇئەرالاردىن مەۋلانا لۇتفى ئەلەيھىررەھمەنىڭ شېئىرلارىدىن ئەبياتلار ئوقۇر ئېردى ۋە مەتلەئىن تەئرىف قىلۇرلار ئېردى: **بەيت:**

نازۇكلۇق ئىچرە بەلىچە يوق يار گىيسۇيى،
ئۆز ھەددىدىن بىلىپ بەلىدىن ئولتۇرۇر قويى.

بۇ مەتلەئىغە داغى مۇئتەقىد ئېردىكىم: **بەيت:**

ھۇسنىنى ئەتدى بەھانە ئەلنى شەيدا قىلغالى،
كۆزگۇدەك قىلدى مەنى ئۆزىنى پەيدا قىلغالى.

بۇ مەتلەئىن ھەم ئوقۇر ئېردىلاركىم: **بەيت:**

لەيلەتۇل مىئراجىنىڭ شەرھى ساچى تابىنىدەدۇر،
قاب قەۋسەين ئىتتىھادى قاشى مېھرابىنىدەدۇر.

مەۋلانا مۇقىمىنىڭ ئول تەرجىئبەندلارىغە داغى مۇئتەقىد ئېردىلەر، بەندى بۇدۇركىم، فەرد:

سەن سەن ئەسلى ۋۇجۇد ھەر مەۋجۇد،
سەندىن ئۆزگە ۋۇجۇدغە نە ۋۇجۇد.

فارىسى ئەشئاردىن ھەزرەتى مەۋلانا خاجە ھافىز شىرازى قۇددىسەسىررۇھۇنىڭ دىۋانلارىغە خۇپ ئەقىدەلەرى بار ئېردى. بەلكىم ئول دىۋانىنىڭ ئەكسەرى ئۇلارنىڭ خاتىرلەرىدە ياد ئېردى. كۆپ ئەبيات مەجالىسىدا ئول دىۋاندىن مەزكۇر قىلۇر ئېردى ۋە مەسنەۋى جىنسىدىن شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى شىرازىنىڭ «بوستان» ىغە ئامراق ئېردى. ھەزرەتى شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» بەيتلەرىنىڭ كۆپلەرى ياد ئېردى.
بەتەخسىس «كىميايى سەئادەت» ، شەيخ ئەزىز نەسەفىي قۇددىسەسىررۇھۇنىڭ رىسالەلەرىنى كۆپ تەئرىف قىلۇر ئەردىلەر.
ئول زەماندا شۇئەرا، فۇزەلا، زورەفالاردىن ئۇلارنىڭ ۋىساقلارى خالى ئېرمەس ئېردىلەر. بەلكى دەرۋىشلەر، ئەھلۇللاھلار بارى ئۇلارنىڭ ئۆيۇلەرىغە كېلىپ سۆھبەت تۇتارلار ئېردى. شەھەرنىڭ سازەندەلەرى، خانەندەلەرى، گويەندەلەرى دائىم ئۇلارنىڭ سۆھبەتلەرىغە ھازىر بولۇر ئېردىلەر. بۇ مەزكۇر بولغان زورەفادىن ھەرگىز يوق ئېردىكىم، ئۇلارنىڭ مەجلىسلەرىدە بولمىغاي، بۇ تائىفەلەرنىڭ مەجمەئى ئۇلارنىڭ ۋىساقى ئېردى، بۇ جامائەت دائىم ئاندا. **بەيت:**

خوش ئولكىم ئاڭا لۇتف بىرلە خۇدا،
ئۇلۇسىنىڭ قەبۇلىنى قىلدى ئەتا.

يىگىتلىغ ئەييامىداكىم، ئۇلارنىڭ رىندۋەشلىغلەرى بائىسى، بۇ تائىفەلار دائىم ئۇلارنىڭ مەجلىسلەرىدىن كېچە ـ كۈندۈز چىقماس ئېردىلەر ۋە بارچە ئەسباب ئۇلار ئۈچۈن مۇھەييا ئېردىلەر. ئىشرەت نەشات ئەسبابلارىدىن باشقا، بارۇرچاغلارىدا، يانۇرچاغلارىدا ئول تائىفەلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز ھالىغە چاغلىق ئۆزرەخاھلىق يۈزىدىن كىيگۈلۈكتىن بىرەر نىمە، ياخۇد خەرجىگە نەقدىنە كىم، ئول تائىفەلار قاشىدا كۈللىدۈر، ھەدىيە بېرىپ، ئىنسانىيەت تەرىقى بىلە لۇتف كەرەم قىلىپ، دەر ئېردىكىم: «ئۆي سىزنىڭدۇر، ھەر قاچان ئىلتىفات قىلسىڭىز خىزمەتكە تۇرۇپ بىز» دەپ ئۆزارتۇر ئېردى. ئۇلارنىڭ ھەممەدە ئەخلاقلارى ئام ئېردى. ئۇلۇغ كىچىككە چۈچۈك سۆز ۋە مۇفرەت خۇلق زاھىر قىلۇر ئېردى.
ۋە رىندلىق تەۋرىدا ئۇلارغا بىر نەچچە نىمە دەست بېرىپ ئېردىكىم، بۇ تائىفەلەرنىڭ ئازىغە مۇيەسسەر بولۇپ ئېركىن: بىرى، سەخايى زاتىكىم، ئاندا تەخەللۇف بولماغايكىم، بەزل زىيافەت ۋەقتىدە ئاز ـ كۆپنىڭ تەفاۋۇتىنى قىلماس ئېردى. ئۆزىدىن باشقاغە دەريا بارسا، قەترە ساناغاي، كىشىدىن ئۆزىگە قەترە تامسا دەريا تانۇغاي ئېردى.
شەفقەت ۋە مۇرۇۋۋەت يۈزەسىدىن ھارچە رىندلەرنى ئەزىز تۇتقاي ئېردى. رىندلەردىن بىرەر خاتالىق زاھىر بولسە، ئەسلا مۇئاخىزە قىلماس، سەھۋلەرىنى ئەفۋ قىلۇر ئېردىلەر.
**بەيت:**

بۇ ئىش ئولغاي ۋىلايەت ئەھلى ئىشى،
قىلائالماس بۇ ئىشنى ئۆزگە كىشى.

www.uyghurkitap.com

يانا بىرى: لۇتۇف، تەۋازىئ، ئەدەپ ۋە يۇمشاغ سۆزكىم، ئەزىم ئىبادەت، [illegible] ئەخلاقدۇر، بۇ بابدا مىسلى يوق ئىردى.

يانا بىرى: سەبىر تەھەممۇل، بەردبارلىقدۇركىم، ئۆزگەلەردىن ئۇلارغە ھەرنە جەفا يېتۇشسە، سەبىر بىلەن ئۆتكۈزۈر ئىردى. نەفسىلئەمىردە ھەرنە ئاغىرلىق يەتسە، كاھىشغە مۇتەرەددۇت بولماس ئىردى.

يانا بىرى: كۆڭۈل يۇمشاغلىغكىم، دەردمەندانە سۆزدىن، شېئىردىن، نەغمەدىن غايەت مۇتەئەسسىر بولغايلار، ئۇلارنىڭ ئول ھالى ھەممە ئەسھاب ئەھبابلارغە ئەسەر قىلغاي ئىردى.

يانا بىرى: بى تەكەللۇفلۇغكىم، فىلۋاقىئ ئۇلار ئالدىدا يىغەك بىلەن بورىيانىڭ تەفاۋۇتى بولمىغاي ئىردى، بەلكى تەكەللۇفلۇغ لىباسلار مەكرۇھ كۆرۈنۈپ دەرۋىشانە كىيمەك، يېمەك مۇلايىم ۋە مەرغۇبراق ئىردى.

بۇ سۇفەتلەردە ئۇلارنى ھەقسۇبھانەھۇ ۋەتەئالا كامىل خەلق قىلىپ ئىردى. رىندلىق تەجەررۇد ئەييامىدا سايىر رىندلەردىن كۆپ جۇرئە نۇش ئېتەر ئىردى. جۇرئەكەشلىك ئىشتىغالىدىن ھەرگىز ئۇلارغە نەماز قەزالىق ۋاقىئ بولماس. ئەگەر بەزى كۈندە ئۇلار مەجلىسلەرىدە سادە يۈزلۈك يىگىتلەر مەست بولغۇنچە ئىچىپ يېتىپ قالسالار، ئۇلارغە ئېئىمادلارى ئانچە ئىردىكىم، ئۇلارنىڭ ئۆيۈلەرىنى ئۆز ئۆيۈلەرىدىن ئەمىنراق بىلىپ، ياتار ئىردى. ئۇلار رىندلەرنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانالارىدەك ئەمىن، ئاباد ئۆيلەردە ياتقۇزۇپ، مەستلەرنىڭ مۇھافىزەتى ئۇچۇن كىشى تەئيىن قىلىپ، سۇبھىگە قەدەر بىر ـ ئىككى قاتلا ئۆزلەرى ئۇلارنىڭ ياتقانلارىنى كۆرۈپ، يېپىنچى تۇشۇپ كەتكەن بولسا يېپىپ، سىلىنچىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئاۋايلاپ سىلىنچىغە چىقىرىپ مېھرىبانلىق قىلۇر ئىردىلەر. نەزم:

رىندلەردىن بىر ئانىڭدەك يوق ئىدى ئاگاھى رىند،
شاھ ئىدى رىند ئەلگە ئول، بەلكىم ئۇلارغە شاھى رىند.

ۋە بۇ ئەۋقاتدەكىم، بۇ نەۋئى رىندلىقلارغە مۇرتەكىب ئىردىلەر. ھەر نەمازدىن سوڭرە دۇئا قىلىپ، ھەقسۇبھانەھۇۋەتەئالادىن ئۆزلەرىغە تەۋبە، تەۋفىق تىلەر ئىردىلەر ۋە مۇتەبەررىك مەزاراتلارغە بېرىپ، ئەزىز دەرۋىش ئەھلۇللاھلار مەجالىسىغە يېتىپ، ئۆز مۇخلىسلارى ئۇچۇن خەتمە خاجەگان قىلۇرلار ئىردى. ئول بۇزرۇكۋارلاركىم ئۇلار خىزمىتىگە مۇشەررەف بولۇرلار ئىردى. قەبۇل ۋە ئىلتىفات نەزەرلەرى تاپار ئىردى. ئول جۇملەدىن بىرى مەۋلانا بايەزىد پۇرانى ئىردىلەر. ھەزرەتى بەھائىددىن قۇددىسەسىررۇھۇ، ھەزرەتى خاجە ئەبۇ نەسر فارسا، ھەزرەتى خاجە مۇھەممەد كوسەۋى شەيخ شاھ زىيارەتگا ئەلەيھىررەھمە زەمانىنىڭ مەشايىخ دەرۋىشلەرىنىڭ ئەكسەرىنىڭ مەجالىس سۇھبەتلەرىغە مۇشەررەف بولۇپ، دۇئا ئىلتىفات ۋە نەزەرلەر ئالۇر ئىردىلەر. چۈن ئۆزلەرىدە داغى فەقىر فەنا تەرىقى ئەكمەل ۋەجھى بىلەن زاھىر ئىردى. بۇ تائىفەنىڭ سۆزلەرىغە تەبىئەتلارى مۇلايىم بۇلۇر ئىردى. مەزكۇر بولغان ئەزىزلەرداغى ئۇلارنىڭ سۇھبەتلەرىغە مۇنتەزىر بولۇر ئىردى. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىغەكىم، تەڭرى يولىغە كىرمەك ئىردى، بەلكى ئىنتىزارلىق تارتار ئىردى.

ئەسىرنىڭ ئۇلەما ۋە ئەشرەفلەرى بىلەن بەلكى دائىم سۆھبەت تۇتار ئىردى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئالىي مىقدار بەگلەرى ئولچە باشقا يولغا ئۇلاردىن ئۇلۇغ ئىردىلەر، ئولچە تەڭ ئىردىلەر. ئۇلارنى شەرەف نەفەسى جەھەتىدىن ئۆزىدىن ئۇلۇغ تۇتۇپ، ئاڭا كۆرە تەئزىم،

قىلۇر ئېردىلەر، تا ئول ۋەقتغىچەكىم، ھەزرەتى سۇلتان ساھىبقىران خۇراسان تەختىنى ئالدىلار. چۇن مۇلكنىڭ مۇتەئەييىن خەلقى پادشاھ خىزمەتىغە مۇشەررەف بولدىلەر. ئۇلاردىكى ھەمۇل دەستۇر ئىلە پادشاھنىڭ مۇبارەك خاتىرلەرىغە ئۇلارنىڭ مۇلازىمەتى ياقتى، سۇھبەتى ۋە سۆزى بىغايەت خوش كەلدى ۋە ئىلتىفاتى، ئىنايەت مۇتەئاقىب قىلدىلار. ئۇلار پادشاھنىڭ خاتىرى ئۈچۈن ئانداغ تەرەددۇد ئىختىلات ۋە مۇلازىمەت قىلدىكىم، پادشاھنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى سەيد قىلدىلار. چۇنكى سەلاتىن خەيلىغە مۇلازىمەتدىن ئۆزگە ياخشىراق ۋە زەرۇرراق نېمە بولماس. بەتەخسىس، مۇلازىمكى، ئۇلاردەك نىكۇ ئەفئال ۋە ھەمىدە خىسال بولغايكى، مەزكۇر بولدى.

ھەر ئاينەكىم، ئۇلۇغ مەناسىب تەكلىفى ۋاقىئ بولدى. چۇن پادشاھ داغى ئۇلارنى پادشاھانە رىئايەتلەر ۋە دەرۋىشانە سىچۇك ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن سەيد قىلىپ ئېردىلەر، «يوق» دەي ئالمادىلار، ئىش ئول يەرغىچە يەتتىكىم سەلتەنەت كارخانەسىنىڭ مۇستەشارى بولدىلار ۋە مۇلكى مال ئىشىغە دەخل قىلدىلار ۋە ئانداغ سۇلۇك ۋاقىئ بولدىكىم، پادشاھ ۋە ساير خەلايىق رىئايا ئۇلارنىڭ زىكرى خەيرىگە زاكىر بولدىلار ۋە پادشاھغە خىلۋەتدە ئەنىسى مەھرەم، ئەنجۇمەندە رەفىقى ھەمدەم ئېردىلەر.

خۇراسان مۇلكىنىڭكى ئىختىيارىنى پادشاھ ئۇلارنىڭ سەۋاب رائىيغە ۋە تەدبىرى مۇلك ئارايىغە ۋابەستە قىلغۇدەك ئېردىكىم، ئۇلارغە چۇن فۇقەرايى فەقىر زاتى ۋە فەنايى جىبىللى مەۋجۇد ئېردى ۋە ياشلارى داغى ئاتمىشدىن ئۆتۈپ ئېردى. زاتى مەناسىب، مەيلى غالىب بولۇپ، ئەسلى مەقسۇد شەۋقى تۇغيان قىلا باشلاپ، مۇلازىمەت تەرىقىغە ئىستىئفا زاھىر قىلدىلەر. فىلۋاقىئ خالىق ئىبادەتىنى تەركى، مەخلۇق بەندەلىغىنىڭ ئىشتىغالى ئەينى بىباكلىق ۋە مەھزى بىئاقىبەتلىقدۇر. رۇبائى:

دۇنياكى قاتىغ دەيدۇر گەران بارلىقى،
قاتىغراق ئانىڭ نەۋبەتىنىڭ يارلىقى.
كۆپراق نېمەكىم بولسا گىرىفتارلىقى،
كۆپراق كېلۇر ئەل ئالدىغە دىشۋارلىقى. ١

ۋاي، دۇنيا سۇفلىنىڭ ئىبتىلاسىدىن! يۈزمىڭ ۋاي، دۇنيا ئەھلىنىڭ زۇلۇم جەفاسىدىن، بەلكى مەلالەت ئىزاسىدىن! ئاھ، زەمانىنىڭ جەۋر بىدادىن! نەئۇزۇبىللاھ، ۋە ئەبنايى زەمان قەسدۇ ئىفسادىدىن! قەلەم جورده جوش خىرامىنىڭ ئىنانىن بۇيۇرۇشىدىن ئۆيۈرماق كېرەك. يوق ئېرسە، ئىنان ئىختىيارىن ئىلىگدىن ئالىپ، سۆز ئۇزار ۋە مەقسۇد بازارىنى بۇزار.

ئەلقىسسە، چۇن ئۇلارغە ھەق يولىنىڭ سۇلۇكى دامەنگىر بولۇپ، مۇلازىمەتدىن ئىجتىناپ زاھىر قىلدى. ئىستىئفا تەرىقىدىن كىرىپ، ئەرزغە يەتكۇردىلەر، پادشاھغە بۇ ئەمرى مەھال كۆرۈنۈپ، ئايا زاھىر بولدى. ئۇلار تەزەللۇم ۋە تەزەررۇئ ئاغاز قىلدىلار. ھېچ نەۋئ بىلەن قەبۇل تۇشمىدى. ئۇلار ئىككى يىلغىچە پادشاھنىڭ مۇبارەك خاتىرى ئۈچۈن، چىرىكلەر مۇشەققەتىن تارتىپ، سەفەرلەر بەلاسىغە ئۆزلەرىن سېلىپ يۈردىلەر ۋە ئىنئام ئۇلۇفە مۇتلەق ئالمىدى، دەرۋىشانە كىسۋەت بىلەن مۇلازىمەت قىلدىلار.

پادشاھى ئىسلام پەناھ چۇن كۆردىكىم، ئۇلار بارەسىدە كۈچ بولغۇدەكتۇر. تەھقىق بىلدىكىم، ھەق يولى ئىبادەتىنىڭ شىفتەسى بولۇپدۇر. باۋۇجۇد مۇنچە مەخسۇسلاردىن

www.uyghurkitap.com

ئۇلارغە ئىنايەت ۋە مۇھەببەت يۈزىدىن مۇلازىمەت تەرىقىدە ئىلتىماس ۋاقىئ بولدى. چۈنكى ئۇلار پادىشاھى ھەقىقى قۇللۇقى مۇبتەلاسى بولۇپ ئىردىلەر، فائىدە بەرمەدى. بەيت:

يار ۋەسلى مۇبتەلاسى بولسە ھەر ئاشىق، نىتەر
گۈلشەن ئىچرە گۈلنى، بەلكىم جەننەت ئىچرە ھۈرنى.

چۈن پادشاھ ئۇلچە ئىمكانى بار ئىلتىماسدا مۇبالىغە قىلدىلار. كۆردىكىم، ئۇلارنىڭ گىرىفتارلىقى ئانداغ يەردە ئىرمەسكىم، ئۆزلۈكىدىن يا بىرەۋنىڭ سۆزى بىلەن خەلاسلىق مۇمكىن بولغاي، ئارتۇق مۇبالىغە ۋاقىئ بولسا، زۇلۇم بولغۇدەكتۇر، رەھم قىلدىلار. چارەسىزلىقدىن رۇخسەت ۋاقىئ بولدى.

ئول كۈنكى، بۇ رۇخسەت ئىشى ۋاقىئ بولدى، پادشاھ زارىيغلار ئىردىلەر ۋە ئۇلار خۇد زار ـ زار يىغلايدۇر ئىردى. سەلتەنەت ئورداسىدا بارلىق مۇلازىملارغە ھەم ھال بۇ ئىردى. نىچۈنكىم، بارچەغە ئۇلار كىرەك ئىردى.

ئەلقىسسە، چۈن ئۇلار نەۋكەرلىك بەلاسىدىن، سىپاھلىق ئىبتىلاسىدىن تەڭرى ئىنايەتى بىلەن خەلاس بولدى. چىرىكدىن قايتىپ، شەھەرگە كىلىپ ساكىن بولدىلار. ئول ئەۋقات ۋە ئەجنابى ھەقىقەت مەئاب، قۇتبى دائىرەئى ھەقىقەت، مۇرشىدى ئەھلى شەرىئەت ۋە تەرىقەت، كاشىفى ئۇلۇم رەببانى مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد تەبەدكانى رۇھۇلئەزىزكى ھەزرەتى شەيخۇل مەشايىخى ئۇلۇۋى مۇرشىدى تەۋائىفۇل ئۇمەم شەيخ زەينۇل مىللەتە ۋەددىن نەھۇفى رەھىمۇھۇمۇللاھۇ ئەلەيھىنىڭ ئىفتىخارى خۇلەفاسىدىن ئىردىلەر. بارچە ئەسباب سۇرەتىن بەرھەم ئۇرۇپ، ئول بۇزرۇكۋار خىزمەتىغە بىرىپ، فەقىرۇ فەنا تەرىقىن ئىختىيار قىلدىلار. نەچچە يىل ئۇلار سۆھبەت مۇلازىمەتلەرىدە سۇلۇك قىلىپ، خانــــقاھلارىدا ئىستىقامەت قىلدىلار. فەقرۇفەنا سۇلۇكىدا كۈللى مەنازىل قەتئ بولدى. ئۇلار ئۇلۇغ مەرتەبە ۋە بۈيۈك مەقاملارغا قەدەم قويدىلار (زالىكە فەزلۇللاھۇ يۇئتىيەھۇ مەنيەشائ).

ئۇلارنىڭ سۇلۇك مۇئامىلەلەرىنى بارچە مۇسەللەم تۇتۇپ، ئىزھار ئىرادەت ۋە ئىخلاس قىلۇرلار ئىردى. ئىتتىفاقەن بۇ فەقىرنىڭ مەنزىلى ئول دەرۋىشلەر خانىقاھى جەۋارىدا ۋاقىئ بولۇپ ئىردى. ئول يەردىنكىم ئۇلارنىڭ ئىلتىفات زاتەسى بۇ فەقىر بىلە بار ئىردى ۋە فەرزەند دەپ ئىردى. بۇيرۇپ ئىردىكىم ئۆز ھويلۇمنىڭ گۇشەسىدا ئۇلار ئۇچۈن بىر مۇختەسەر مەسكەنى ئالاھىدە تەرتىپ قىلىنىپ ئىردىلەركىم، گاھى مۇفرىت رىيازەتدىن تەبىئەتلىرى كەلالى بولسا، خاتىرلەرى تەسكىنى ئۈچۈن، ئول مەسكەنگە كىلىپ، بىر كۈن، ئىككى كۈن تۇرۇپ، يانا ئۆز خانىقاھ ئىستىقامەت جالارىغە يانۇر ئىردىلەر.

ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلقى ئەربەئىندە بۇ فەقىر بارىپ ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد تەبەدكانىدىن سوردۇم، ئۇلار دىدىلەركىم: بۇگۈن ئۇلار بىر مەقامدادۇركىم، سالىك ئەۋۋەلقى ئەربەئىندە ئول مەقامغا يەتسە، رۇيى ئانىڭ ئالدىغە كىلۇركىم، ئەگەر گاھى مۇفرىت يۈزلەنسە، ئىشىنىڭ كۇشادىغە دەلالەت قىلۇر. ئۇلارغا ھالا بۇھال يۈزلەنىپتۇر ئۇمىدۋارلىغ يەرىدۇر.

بەيت:

ئۇيلە ئاشىق دەردى ھىجراندىن كۆرەر رەنجۇ مەلال،
شادلىغدىن يىغلاغاي تافغاندا دەۋرانى ۋىسال.

بۇ فەقىر ئۇلارنىڭ خىلۋەتلەرى ئىشىكىگە باردىم: ئۇلار هاي هاي يىغلىماقتا ئېردىلەر. هېچ نېمە دېيالمادىم ۋە مۇتەئەسسىر بولۇپ، يىغلاپ قايتتىم.

بۇ فەقىر فۇقەرا ئەهلى ۋە دەرۋىشلەر ۋە ئەهلۇللاھ سۇھبەتىغە كۆپ يېتىپمەن، فەقىر تەرىقىدە ئۇلاردەك ئاز كۆرۈپمەن. سەيىد مۇهەممەد ئۇلارنىڭ يالغۇز فەرزەندى ئېردى. ئەدەب، تەۋازۇئ، هىلمۇ هەيادا ئول ئاتاغە مۇناسىب ئوغۇل ئېردى. تەبئى خوپ، سۇرەتى مەقبۇل، ئەخلاقى هەمىدە ۋە ئەتىۋارى پىسەندىدە، ئون تۆرت ياشىدا تالىبىلئىلىملىق شاگىرت كىتابلىقىغە يېتىپ ئېردى. هىرات خەلقىنىڭ ئۆز تەۋرىدە يىگانەسى، نادىرەسى ئېردى. بۇسىنەدە ئاڭا قەزا يەتتى. ئەكسەر ئۇنى تانۇر ۋە بىلۇر ئەل ئۆزىنى ساھىب ئەزا تۇتتىلار. بەتەخسىس بۇ فەقىركىم ئانى فەرزەندەك ئۇلغايتىپ ئېردىم. ئۇلار كىم، ئەسلى ئاتا ئېردىلەر، ئەسلا تەفاۋۇت قىلغانى مەئلۇم بولمىدى. سۆزلەرى بۇ ئېردىكىم، «ئەلهۇكىمىللىلاھ، ئىگەسىگە بىزدىن كېرەكلىكراق ئىكەندۇر. ئۈمىد ئولدۇركىم، رەھمەت قىلغاي».

ئانى چىقارۇر كۇن ئارىغ تون كىيىپ، ئارىغ دەستار چىرماپ، تا دەفنىگاھغىچە يەتتى. ئەزىز فەرزەندىنى شەرئى ۋە سۇننەت ۋەجهى بىلە مەدفەندە ياتقۇزۇپ، تەكرىگە تاپشۇرۇپ، تەلەبى غۇفران ئۇچۇن دۇئالار قىلىپ، لەهەددىن يانىپ چىقتى. ماتەمغە ئىشتىراك قىلغۇچىلار هاي هاي يىغلار ئېردى. خۇسۇسەن بۇ فەقىر مۇسىبەتنىڭ مەغلۇبى ئېردىم، هەممە كاتتە كىچىك كۆردىكى، هېچ نەۋئى تەغەييۇر هال ئۇلاردىن كۆرۈلمىدى. بارچە خەلايىق بۇ سەبەبدىن هەيرەت تەئەججۇپ بىرلە لال بولدى. بۇ نەۋئى فەنا ئىستىغراق بەشەر خەيلىدىن كىمگە نەسىب بولا ئالغاي.

ئۇلار دەر ئېردىلەركىم: «دۇنيا جامىنىڭ مەستلىغى ئىچكەن كۇندۇر، ئەمما جاھ مەستلىغى ساھىبى جا تا جاھدەدۇر دائىم مەستدۇر. قەچانكىم جاھدىن مەئزۇل بولۇر شول كۇنى هۇشيار بولۇر»

بىر كۇن بىر تەقرىب ئەشيا ئاراسىدا، تەفاۋۇت فەزلى ئەهلىدىن بىرەۋ بۇ مەشهۇر بەيتنى ئوقۇدىكىم. **بەيت:**

لەئلى سەنگەستۇ يەك سەنگىن سەڭ،
لېكى ئەندەرمىيان تەفاۋۇت ماست.

ئۇلار قايىلىنىڭ مەقسۇدىنى تەقۋىسى يۈزەسىدىن سۆز باشلاپ دېدىلەركىم: «سۇخەن ئايتىبدۇركىم، تاش قازان ۋە لەئل ئىككىلەسى تاشدۇر. لېكىن ئارالارىدە تەفاۋۇتلار، تاش قازاندىن غەيرى نەفئى هېچ مۇتەسەۋۋەر يوقتۇر ۋە مۇلەۋۋەن ئەتئەمە ئاندا پىشار. خاسۇ ئام ئاندىن مۇتەنەففئ بولۇرلار. لەئلدىن خەلايىقغە ئەنۋائى زەرەر مۇتەسەۋۋۇردۇر ۋە ئىتتىفاقەن ئول ئۇچۇردا، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇيۇرغان ئېردىكىم، هەر كىشىدە لەئل ۋە جەۋاهىر بولسا ئالىپ، ئەگەر بولماسا، تەفەهۇسدا مۇبالىغەلەر قىلىپ، ئەلغە ئەنۋا ئ ئەنۋائ ئىزا كۇلفەت، زۇلم ـ ستەملەر يۈز كەلتۈرەدۇر ئېردى» دەپ بۇ بەيتنى ئوقۇدىلەركىم: **بەيت:**

مالۇ جاهۇ لەئلۇ زەر، جەۋهەر، گۆهەر ئىككى جەهان،
يۈز بەلا هەر بىرسىدىن يۈزلەنگەي ئەل تاپماس ئەمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە بۇ بەيتنى ئوقۇغان مەجلىسدە ھەم تاش قەزاندا ئاش قىشدۇر ئېردى.

ۋە يەنە بىر مەجلىستە قارىلىقنىڭ مۇشەققەتلەرى بابىدا سۆز ئۆتەدۇر ئېردى. ھەر كىشى ھەر نىمە دەيدۇر ئېردىلەركىم، ئۇلاردىدىكىم: «قارىلىقدا ھىچ نىمەنىڭ زەۋقى يىگىتلىك داغىچە ئېرمەس، غەنادىن شەربەتىغىچە، ھەتتا سۆز دىگۈنچە».

بىر ئۇلۇغراق كىشى ئايتدىكىم: «بارچە سۆزنى مۇسەللەم تۇتتۇق. ئەمما سۇنىڭ زەۋقى نەچۇكدىن يىگىتلىك داغىچە بولماغاي؟ ھەر كىشى سۇسىز بولسا، خاھ قارى، خاھ يىگىت سۇ تىپىپ ئىچكەچ زەۋق تاپار».

ئۇلار ئايدىلاركىم: «بۇ بابدا ھەم تەفاۋۇت بار. يىگىتلىكدە ھەرارەتى غەرىزى غالىبدۇر. قارىلىقتا ئول ھەرارەت قالماس».

بۇ ھىكمەتلىغ سۆزنى بارچە مۇسەللەم تۇتتىلار.

ھەياتلارىن ئاخىرىدا ھەج سەفىرى مۇددىئاسىن قىلدىلار، ئەمما كۆپ مەۋانىئ بولۇپ، سەفەر مۇيەسسەر بولمادى. سەمەرقەندگە خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا شەرەفى سۇھبەتلەرىگە كىم زەمان ئەھلىنىڭ كۆپى، خۇسۇسەن سەمەرقەند ئېلى خاجەنى قۇتبىغە نىسبەت بىرۇرلار ئىدى، مۇشەررەف بولۇرغە ئەزىمەت قىلدىلار. خاجە بىلەن نەچچە كۈن سۇھبەت تۇتۇپ، تەئزىملەر تاقىپ، يانا ھىراتغە مۇراجىئەت قىلدىلار ۋە تارىخ سەككىز يۈز توقسان تۆرتدە ئېردىكىم، يەتمىش ئۈچ ياشلارىدا فەنامۇلكىن ۋىدائ قىلىپ، بەقا شەھرىستانىغە رەھلى نەۋبەتىن چالىپ، ئەزىمەت كۇسىن بەلەند ئاۋاز قاقىب، رۇھى پۇر فۇتۇھلارى خەراب قالىبنى قويۇپ، قۇددۇس ئاسار ئوقبا ئاشيانىن مەقام ئەتتى. مۇبارەك مەرقەدى، مۇتەبەررۇك مەدفەنلەرى ميان ۋۇجۇدىدا گۇزەرگاھ يولىدا ئۆز ئاتالارى خەترەسىدە گۇنبەز ئىچىدە مەدفۇن بولدىلار.

يەشمىسى

## نەۋائىنىڭ سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە يازغانلىرى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

رۇبائى

ئەي ئىللىق شامال ماڭا مەرھەمەت قىلىپ، مۇقەددەس ئىزىڭنى قالدۇر. فەنا گۈلشىنىگە بىر قېتىملا ئۆتكىن.

دوستلار شۇ يەردە قارار تاپتى. يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ مېنىڭ ھاجىتىمنى ئىزھار قىلغىن.

### تەرىقەت يولىدا ماڭغۇچى، گۆھەرلەر كانى، مەرىپەت ئەھلىنىڭ پىشىۋاسى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر (ئاللا رەھىم قىلسۇن) تەرجىمىھالى ۋە ئەھۋاللىرى توغرىسىدا:

ئۇنىڭ ئاتىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ مۇلازىمى بولۇپ، قۇشچىلىق مەنسىپىدە مۇلازىمەت قىلار ئىدى. ئۇ بۇ پەندە يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە بولغاچقا، قۇش بېگىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېرىشىپتۇ. بېيىت:

هۇنىرى كۆپ ئادەملەر پادىشاھلارغا ھەمنەپەس بولالايدۇ.
قۇشنىڭ تىلىنى بىلگەن ئادەم سۇلايمان پەيغەمبەرگە سىرداش بولالايدۇ.

ئۇ ئۆزىمۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ، بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولغانىكەن. كىچىك چېغىدىن تارتىپ خەتتاتلىققا ھەۋەس قىلىدىكەن ۋە بۇ پەندە تالانتى بار ئىكەن. بېيت:

بىرەر ئىشقا قىزىققان كىشى، ئاز ۋاقىتتىلا ھەرخىل كەسىپ ۋە پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ۋاقتىنى يېتۈك پەزىلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلغانىكەن. شۇڭا، قىسقا ۋاقىتتىلا ھەرقايسى ئىلىملەر بابىدا ئۆز زامانىدىكى كۆپلىگەن قابىلىيەت ۋە پەزىلەت ئەھلىدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتتى. ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىلىم ـ بىلىم، كەمتەرلىك، ھايا قاتارلىق پەزىلەتلەردە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. تەپسىلىراق ئېيتقاندا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، ئەرەب تىلى، لوگىكا، ئىلمىي كالام، فىقھەشۇناسلىق (ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇن، ئەھكاملىرى)، ھەدىس، تەپسىر (قۇرئاننىڭ يەشمىسى) قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەت ئىگىسى ئىدى. شۇنىڭدەك شېئىر، مۇئەمما، تارىخ، ئاسترونومىيە ۋە مۇزىكا ئىلىملىرىدە ئۆز زامانىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئەگەر بەزى سورۇنلاردا ئىلمىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلسا، گەرچە ئۇ مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىدىن ياخشىراق بىلسىمۇ، بىراق ئەدەپ ـ ئەخلاق يۈزىسىدىن، باشقىلارنى تەكلىكتە قويماي، دەپ ئاز سۆزلەيتتى. بەلكى نۇرغۇن سورۇنلاردا لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. گۈزەل خىسلەتلىك ئىش ـ ھەرىكىتى ھەممىگە مەقبۇل بولغان بولۇپ، ياخشى ـ يامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بېيت:

ئۇ پاك گۆھەر بولۇپ، پاكلىقنىڭ نامايەندىسى ئىدى،
شاھلارنىڭ ئۇنىڭغا نەزىرى چۈشكەنىدى.

پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ پەزىلەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا پەرزەنتىدەك ئىلتىپاتلار قىلدى. ئۆزىنىڭ بەزى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشلىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقمايتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ئەپسۇسلىنىپ: «سىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىسا ئىدى كاشكى!» دەيتتى.
پەلەكنىڭ گەردىشى، زاماننىڭ ۋەقەلىرى شۇنداقكى، ئۆزگە پادىشاھلار يەنە بىر پادىشاھلىققا يۈرۈش قىلاتتى. بۇ پادىشاھمۇ شۇلارنىڭ يولىنى تۇتتى. تېخى ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۆزگىلەر ئاتىسى سۈلۈكىگە كىردى. بېيت:

كېتەرگە كېلۇر مۇنچە شاھۇ گەدا،
ئەگەر خۇد ئوغۇلدۇرگەر خۇد ئاتا.

سەيىد ھەسەن ئەردەشىر شەرىئەت ئىلىملىرىنى تاماملىغان بولۇپ، ئەمەلدارلىقتىن بىھاجەت ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ دوستلىرى پادىشاھزادىلەر بولۇپ، ئۇلار بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ

ئوغۇللىرى ئىدى. مەسىلەن، ئەلائۇددەۋلە مىرزا، سۇلتان مۇھەممەد مىرزا ۋە بايسۇنغۇر مىرزىلار ئارقىمۇ ئارقا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىك چاغلىرىدا، مەي ئىچمەكلىكتە، بىكار تەلەپ، ھۇرۇنلۇقتا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەنىدى.

بۇ زات ئەسلى تەبىئىتى پاك ۋە كۆز كۆڭۈللىرى ھەم پاكىزلىق بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، زامانىنىڭ ئېسىل بەگزادىلىرى، بەلكى نەۋقىران شاھزادىلىرى ئىككىلەنمەستىن، تارتىنماستىن ۋە تۇسالغۇسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشاتتى، ئۇنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلەتتى ۋە بۇ سۆھبەتتىن ھۇزۇرلىناتتى. بېيىت:

ئۇ زاھىد سۈپەت، ئۆزى، سۆزى پاك بولۇپ،
ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.

بايسۇنغۇر مىرزا زامانىدىن سۇلتان بابۇر مىرزا زامانىنىڭ ئاخىرىغىچە 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ كۆپىنچە مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتتۈپتۇ. 861 (مىلادىيە 1456 ـــ 1457) ـ يىلى سۇلتان ئىبراھىم مىرزا تەختكە چىققاندا پېقىر بۇ زاتنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. ئۇنىڭ تەرىقەت ۋە قائىدىسى بۇ پېقىرنى ئۆزىگە شۇنداق شەيدا قىلىۋالدىكى، بىر كۈن ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە بارمىسام، تاقەت قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ پېقىرغا بولغان ئىلتىپات ۋە خۇش مۇئامىلىسى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، بىر كۈن ئۇنىڭ خىزمىتىگە بارمىسام، ئۇ ئۆزى كېلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپ شۇنداق دەيتتى: «بۈگۈن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولماي، بىزگە كۆڭۈلسىزلىك يەتتى». ئۇ بۇ پېقىرنى تەرىقەت يولىغا كىرىشكە دالالەت قىلاتتى ۋە يېتەكلەيتتى. مېنى شېئىر يېزىشقا دەۋەت قىلاتتى ۋە تەكلىپ قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا پېقىرنىڭ شېئىرلىرى خۇراساندا شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇ ئىلتىپات قىلىپ بەزى شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ، سورۇنلارنى خۇش ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. بۇ شېئىردىن بىرى بۇدۇركى: بېيىت:

سەندىن ئايرىلغاچقا، قانلىق ياشلىرىمنى تۆكۈمەن،
كۆزياش ئەمەس، بەلكى باغرىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى.

يەنە بىرى بۇدۇركى: بېيىت:

ئۇ پەرىۋەشكە زار، سەرگەردان بولدۇم،
ئۇنىڭغا بولغان ئىشقىمدىن ئالەم ماڭا ھەيران،
مەن بولسام قەلبىمدىكى ئۇنىڭغا بولغان ئىشقتىن ھەيران.

بۇ بېيىتنىمۇ كۆپ ئوقۇيتتى. بېيىت:

تەدبىرىڭ ھەرقانچە پۇختا بولسىمۇ،
تەقدىر ئۇنى بەربىر بۇزۇپ تاشلايدۇ.

تۇركىگوي شائىرلاردىن مەۋلانا لۇتفىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئوقۇيتتى. بۇنىڭ مەتلەئى (باشلىنىش قىسمى) نى تەرىپلەيتتى. بېيت:

نازۇكلۇقتا ئۇنىڭ چېچى بېلىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.
شۇڭا چېچى ئۆز ھەددىنى بىلىپ بېلىدىن تۆۋەندە ئولتۇرىدۇ.

بۇ مەتلەئگە ئىخلاسى زور ئىدى. بېيت:

ھۆسنىنى ئەتتى باھانە ئەلنى شەيدا قىلغىلى،
كۆزگۇ (ئەينەك) دەك قىلدى مېنى ئۆزىنى پەيدا قىلغىلى.

بۇ مەتلەئنى ھەم ئوقۇيتتى. بېيت:

چېچى خۇددى مىراج كېچىسىنىڭ قاراڭغۇلىقىغا ئوخشايدۇ،
قاشلىرى خۇددى ھەسەن - ھۇسەنگە ئوخشايدۇ.

مەۋلانا مۇقىمىنىڭ بىر تەرجىئبەندىگە تېخىمۇ ئىخلاسى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بۇدۇركى:

بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەسلىسى سەن،
سەندىن باشقا مەۋجۇداتقا نېمە مەۋجۇدلۇق بولسۇن.

پارسچە شېئىرلاردىن ھەزرەت مەۋلانا خوجا ھاپىز شىرازى (ئۇنىڭ سىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) نىڭ دىۋانىغا ئالاھىدە ئىخلاس قىلاتتى. بەلكى بۇ دىۋانىنىڭ كۆپ جايلىرى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ياد ئىدى. سورۇنلاردا شۇ دىۋاندىن كۆپ بېيىتلارنى ئوقۇيتتى.
شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلىگە كېلىدىغان بولساق، ئۇ شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى شىرازىنىڭ «بوستان» نىغا ئامراق ئىدى. ھەزرەت شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرىدىكى بېيىتلارنىڭ كۆپىنى ياد بىلەتتى. بولۇپمۇ شەيخ ئەزىزى نەسەفى (قۇددىسە سىررۇھۇ) نىڭ «كىمىيائى سەئادەت» («بەخت خەزىنىسى») ناملىق ئەسىرىنى كۆپ تەرىپلەيتتى.
شۇ چاغدا شائىرلار، پازىللار، دانىشمەن كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئۆيى خالىي ئەمەس ئىدى. بەلكى دەرۋىشلەر، ئەھلۇللا (ئەھلى تەسەۋۋۇپ) لارنىڭ ھەممىسى بۇ زاتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ سۆھبەت قۇراتتى. شەھەرنىڭ سازەندىلىرى، ناخشىچىلىرى، سۆزمەنلىرى دائىم ئۇنىڭ سۆھبىتىگە ھازىر بولاتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دانىشمەنلەر ئۇنىڭ سورۇنىدا ھەرگىز يوق بولمايتتى. بۇ تائىپىلەرنىڭ يىغىلىدىغان جايى ئۇنىڭ خانىسى ئىدى. بۇ جامائەت دائىم شۇ يەردە بېيت ئوقۇيتتى. بېيت:

ئاللاتائالا بۇ زاتقا مەرھەمەت قىلغاچقا،
بۇ زات پۈتۈن ئەلگە مەقبۇل بولدى.

يىگىتلىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ بىغەم، بىپەرۋالىقى سەۋەبىدىن دائىم بۇ جامائەت كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن چىقمايتتى. بارچە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن تەييار ئىدى. ئەيش - ئىشرەتكە كېرەكلىك نەرسىلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ بېرىش ۋە يېنىش چاغلىرىدا، خەيرىخاھلىق يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىرەر قۇردىن كىيىم - كېچەك ياكى خىراجەت ئۈچۈن پۇل ھەدىيە بېرىپ، ئادەمگەرچىلىك يولى بىلەن مەرھەمەتلەر قىلىپ، دەيتتىكى: «بۇ ئۆي ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاش، قانداق ۋاقىتتا ئىلتىپات قىلسىڭىز خىزمەتكە تەييارمىز» دەپ ئۇزىتىپ قويۇاتتى.

ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى تولا ئىدى. چوڭ - كىچىك ھەممىگە شېرىن سۆز ۋە خۇش خۇي ئىدى. مەيخورلۇق يوسۇنىدا بۇ كىشىلەردىن ئاز بىر قىسمىغا مۇشۇنداق بىرقانچە خىسلەت مۇيەسسەر بولغاچقا، بۇ تائىپىلەر ئۇنىڭ ئارزۇيىنى يەر ئىكەن.

ئۇنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدىدىكى سېخىيلىق ئىدى. بۇنىڭغا قىلچىلىك سەل قارىماي، زىياپەت بەرگەن چاغدا ئاز - كۆپنىڭ پەرقىنى قىلمايتتى. ئۆزىدىن ئۆزگىگە دەريا بارسا قەترە سانايتتى، ئۆزگىدىن ئۆزىگە قەترە تامسا دەريا سانايتتى.

شەپقەت، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بارچە خاكسىلارنى ئىززەتلەيتتى. ئۇلاردىن بىرەر خاتالىق ئۆتسە، ئۇلارنى ئەسلا ئەيىبلىمەي، سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلاتتى. بېيت:

بۇ ئىشنى پەقەت ئەۋلىيا سۈپەت، دىيانەتلىك كىشىلەرلا قىلالايدۇ،
باشقا ئادەم قىلالمايدۇ.

يەنە بىرى: بۇ ئادەم مەرھەمەتلىك، كەمتەر، مۇلايىم بولۇپ، بۈيۈك ئىبادەت ۋە تاكامۇللاشقان ئەخلاق ئىگىسىدۇر. مانا مۇشۇ جەھەتلەردە تەڭدىشى يوق كىشى ئىدى.

يەنە بىرى: سەۋر - تاقەت، ئېغىر - بېسىق، سوغۇققان، تەمكىن بولۇپ، ئۆزگىلەردىن بۇ زاتقا ھەرقانداق جاپا، ئەزىيەت يەتسە، سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. بىرەر ئىشتا ھەرقانداق ئېغىرلىق يەتسە، كايىش ۋە تاپا - تەنە قىلمايتتى.

يەنە بىرى: بۇ زاتنىڭ دىلى ھاياجانلىق بولۇپ، مۇڭلۇق سۆز، شېئىر، نەغمە - ناۋادىن ناھايىتى تەسىرلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالى ھەممە دوست - يارانلارغا تەسىر قىلاتتى.

يەنە بىرى: راھەت - پاراغەت قوغلاشمايتتىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا يېپەك بىلەن بورىنىڭ پەرقى يوق ئىدى. بەلكى ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى ياقتۇرماي، دەرۋىشانە كىيىمەك، يېمەكنى بەكرەك ياقتۇراتتى.

بۇ زاتنى ئاللاتائالا بۇ سۈپەتلەردە مۇكەممەل قىلىپ ياراتقانىدى.

بىغەم، بىپەرۋا يۈرگەن كۈنلىرىدە، بارلىق خاراباتلاردىنمۇ كۆپرەك شاراب ئىچەتتى. ئەمما، شاراب سەۋەبىدىن ھەرگىز نامازنى قازا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ زاتقا ئىشەنچىسى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، بەزى كۈنلەردە ئۇنىڭ سورۇنلىرىدا سادىدا ياش يىگىتلەر مەست بولغۇچە ئىچىپ يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۆز ئۆيىدىن تىنچراق بىلىپ قونۇپ قالاتتى. بۇ زات ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدەك خاتىرجەم - ئاۋات ئۆيلەردە ياتقۇزۇپ، مەستلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كىشى تەيىنلەيتتى، سۈبھىگە قەدەر بىر - ئىككى قېتىم ئۆزى ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، يېپىنچىسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا يېپىپ، سىلىنچىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئاۋايلاپ سىلىنچىغا چىقىرىپ مېھرىبانلىق قىلاتتى. نەزم:

مەيخورلاردىن ئۇنىڭدەك سەگەك مەيخور يوق ئىدى.
ئۇ مەي ئېلىگە شاھ ئىدى، بەلكى مەيخورلارنىڭ شاھى ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئۇ مۇشۇنداق مەيخورلۇق گۇناھىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ھەر نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئاللاتائالادىن ئۆزىگە تەۋبە ۋە تەۋپىق تىلەيتتى. تەۋەرۇك مازارلارغا بېرىپ، ئەزىز دەرۋىشلەرنىڭ ۋە ئاللاغا يېرىلگەن بەندىلەرنىڭ سۆھبىتىگە بېرىپ، ئۆز ئىخلاسمەنلىرى ئۈچۈن خەتمە خۇجىگان قىلاتتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ بۇ بۇزۇرۇكۋارلارنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولاتتى ۋە قوبۇل، ئىلتىپات نەزەرلىرىگە ئېرىشەتتى. بۇلاردىن بىرى مەۋلانا بايىزىد پۇرانى ئىدى.

ھەزرەت باھائىددىن قۇددۇسە سىررۇھۇ، ھەزرەت ئەبۇنەسىر فارسا، ھەزرەت خۇجا مۇھەممەد كوسەۋى زىيارەتگاھ بولغان شەيخ شاھ (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىق ئۆز زامانىنىڭ مەشايىخ، دەرۋىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سورۇن سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولۇپ، دۇئا ۋە ئىلتىپات نەزىرىگە ئېرىشەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا تەرىقەت ئەھلى مۇكەممەل رەۋىشتە مەۋجۇد ئىدى. مۇشۇ بۇزۇرۇكۋارلار تائىپىسىنىڭ سۆزلىرىگە بۇ زاتنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتەتتى.

بۇ تىلغا ئېلىنغان ئەزىزلەر ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تەقەززا بولاتتى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى تەڭرى يولىغا كىرمەك ئىدى. بەلكى بۇ يولدا ئىنتىزار ئىدى. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەرتىۋىلىك بەگلىرى ياشتا ۋە ئەمەل ــ مەنسەپ جەھەتتە ئۇنىڭدىن چوڭ ياكى تەڭ ئىدى. ئۆزىدىكى بار پەزىلەت ــ ئارتۇقچىلىقلار جەھەتتىن ئۇنى ئۇلۇغ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

سۇلتان ساھىبقىران خۇراساندا تەختكە چىققانغا قەدەر بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى شۇ يوسۇندا داۋاملاشتى. چۈنكى، مەملىكەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر كىشىلەر پادىشاھ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ ئەمر ــ پەرمانى بويىچە قىلغان مۇلازىمىتى پادىشاھقا خوپ كەلدى، ئۇنىڭ سۆزى، سۆھبىتى پادىشاھقا ناھايىتى ياقتى. شۇڭا ئۇنىڭغا كەينى ــ كەينىدىن ئىلتىپاتلار قىلدى. ئۇمۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، شۇنداق تەييارلىق ۋە ئارىلىشىش بىلەن خىزمەت قىلدىكى، پادىشاھنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى ئوۋلىۋالدى. چۈنكى سۇلتانلارغا مۇلازىمەت قىلىشتىن ياخشىراق ۋە زۆرۈرەك نەرسە يوق ئىدى. بولۇپمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، بۇ زات ياخشى ئەمەللىك، گۈزەل خىسلەتلىك مۇلازىم ئىدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۇلۇغ مەنسەپ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پادىشاھمۇ ئۇنى شاھانە ئىلتىپاتلار ۋە كەمتەرانە مۇلايىم، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ياق دېيەلمىدى. ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، پادىشاھلىق ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى ۋە پادىشاھلىق مالىيە ئىشىغا ئارىلاشتى. ئىش ئۇسۇلى شۇنداق بولدىكى، پادىشاھ ۋە بارچە خالايىق پۇقرالار ئۇنىڭ ياخشى نامىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.

ئۇ پادىشاھقا يالغۇز قالغاندا يېقىن سىرداش بولدى، كۆپچىلىك بار سورۇندا ھەمنەپەس ھەمرا بولدى. خۇراسان مەملىكىتىنىڭ ئىختىيارىنى پادىشاھ ئۇنىڭ دانا پىكرىگە، مەملىكەتنى بېزەيدىغان تەدبىرىگە باغلىغانىدى.

بۇ زاتنىڭ خۇلقىدا پۇقراپەرۋەرلىك ۋە تەبىئىي پىداكارلىق مەۋجۇد ئىدى.

يېشى ئاتمىش ئاشقانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە كۆڭلىدىكى ئەسلى مەقسەت ئىشقى تېشىشقا باشلاپ، مۇلازىمەت خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشنى ئاشكارىلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاللانىڭ ئىبادىتىنى تەرك ئېتىپ، بەندىنىڭ قۇللۇقىنى قىلىش ئەينى ئەقىلسىزلىق ۋە نوقۇل ئاخىرى چىقمايدىغان ئىش ئىدى. **رۇبائى:**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا رەھىمسىز، ئۇنىڭ بارلىقى ئېغىرچىلىقتىن ئىبارەت.
دۇنيانىڭ ئەجەل يارلىقى تېخىمۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز.
دۇنيادا قانچە كۆپ نەرسىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭغا قانچە كۆپ بېرىلسە،
كىشىلەرگە كېلىدىغان دىشۋارچىلىقمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ۋاي، پەس دۇنيانىڭ مۇبتىلالىقىدىن! ۋاي، دۇنيا ئەھلىنىڭ زۇلۇم ـ جاپاسىدىن ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئىزاسىدىن! يۈز مىڭ ۋاي، زاماننىڭ جەۋر ـ زۇلمىدىن! ئاھ، زامان خەلقىنىڭ بۇزۇقچىلىق نىيەتلىرىدىن (نەئۇزۇبىللا) ئاللاھ ئۆزۈڭ ساقلىغىن!
قەلەم ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى بۇ يۈرۈشتىن تارتماق كېرەك. بولمىسا، ئىختىيار تىزگىنى قولدىن چىقىپ كېتىپ، سۆز ئۇزۇراپ كېتەر، شۇنىڭ بىلەن مەقسەت بازىرى بۇزۇلار.
ئەلقىسسە، ئۇنى ھەق يولىنىڭ سۈلۈكى توسقاچقا ئاخىر مۇلازىمەتتىن ساقلىنىش مەيدانىغا چىقتى، ئىستىپا يولىنى تۇتۇپ، ئەرز سۇندى. پادىشاھقا بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۇۋال بولغانلىقىنى ئېيتىپ، يىلىنىشقا باشلىدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئىستىپاسى قوبۇل قىلىنمىدى. ئۇ ئىككى يىلغىچە پادىشاھنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ، چېركىلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى تارتىپ، جەڭ سەپەرلىرىدە يۈردى. ئىنئامنى مۇتلەق قوبۇل قىلمىدى. دەرۋىشانە كىيىملەر بىلەن مۇلازىمەت قىلدى.
پادىشاھ ئىسلام پەنا كۆردىكى، ئۇنى مۇلازىمەتكە زورلاش زور كۈچ تەلەپ قىلاتتى. ھەقىقەتەن پادىشاھ بىلدىكى، ئۇ ھەق يولى ئىبادىتىنىڭ شەيداسى بوپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ نۇرغۇن يىقىن ئادەملىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەرھەمەت ۋە مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ مۇلازىمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئۇ ھەقىقىي پادىشاھ بولغان ئاللانىڭ قۇللۇقى مۇبتىلاسى بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئۆتۈنۈشى پايدىسىز بولدى. بېيت:

يار ۋەسلىگە مۇبتىلا بولغان ئاشىق،
گۈلشەن ئىچىدىكى گۈلنى ۋە ياكى جەننەت ئىچىدە ھۆرنى نېمە قىلسۇن.

پادىشاھ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تەكرار ئۆتۈندى. پادىشاھ كۆردىكى، ئۇنىڭ ھەق يولىغا گىرىپتارلىقى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، ئۇ بۇ يولدىن ئۆزلۈكىدىن ياكى بىراۋنىڭ سۆزى بىلەن يانمايتتى. پادىشاھ ئۇنى بۇ ئىشقا زورلاۋەرسە بۇ كىشىگە زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا رەھىم قىلدى ۋە ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.
بۇ رۇخسەت بېرىلگەن چاغدا پادىشاھ زار يىغلايتتى، ئۇ ئۆزىمۇ زار ـ زار يىغلار ئىدى. پادىشاھلىق ئوردىسىدىكى بارلىق مۇلازىملارمۇ شۇ ھالدا يىغلار ئىدى. چۈنكى ھەممەيلەنگە ئۇ لازىم ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىپاھلىق باغلىقىدىن تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن خالاس بولدى. قوشۇندىن قايتىپ، شەھەرگە كېلىپ ماكانلاشتى.
شۇ چاغدا بۇ جاناب ھەقىقەت دائىرىسى قۇتبىنىڭ ھەقىقىي مەركىزى نۇقتىسى، شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ پىرى، رەببانى ئىلىملەرنى كەشىپ قىلغۇچى مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەت تەبەركانى روھۇلئەزىز، ھەزرەت مەشايىخلارنىڭ شەيخى، تەرىقەت تائىپىلىرىنىڭ يېتەكچىسى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ زىننىتى ۋە پىرى نەھۇفى رەھمۇھۇمۇللاھۇ ئەلەيھى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئىپتىخارلىق خەلىپىلىرىدىن ئىدى. ئۇ بارلىق دۇنيا ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئۇ بۇزۇرۇكۋارنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، تەرىقەت يولىنى ئىختىيار

قىلدى. نەچچە يىل ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە تەرىقەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى. تەرىقەتتىكى بارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ مەرتىۋە ۋە بۈيۈك ئورۇنلارغا قەدەم قويدى. «ئەنە شۇ ئاللانىڭ پەزلى بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ» (ئايەتنىڭ مەنىسى).

ئۇنىڭ تەرىقەت قارىشىغا ھەممە ئادەم قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇرىتلىققا قول بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى ۋە ئىخلاس قىلاتتى.

شۇنداق توغرا كېلىپ قالغان ئىدىكى، پېقىرنىڭ ئۆيى بۇ دەرۋىشلەر خانىقاسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ پېقىرغا ئالاھىدە ئىلتىپاتى بار ئىدى ۋە پېقىرنى پەرزەنت دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ھويلامنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر خانە تەييارلاپ قويغانىدىم. ئۇ خانىقادا قاتتىق رىيازەت چەككەنلىكتىن، چارچىغان چاغلىرىدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن شۇ خانەمگە كېلىپ، بىر – ئىككى كۈن تۇرۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ خانىقاسىغا ئىستىقامەت ئۈچۈن قايتاتتى.

ئۇ ئاۋۋالقى ئەربەئىندىكى چاغدا ھەزرەت مەۋلانا مۇھەممەد تەبەركاندىن سورىدىم. ئۇ دېدىكى: «ئۇ بۈگۈن شۇنداق بىر دەرىجىدە ئىكەنكى، مۇرىت بولغان ئادەم (ياكى زاھىد) تۈنجى قېتىملىق ئەربەئىندا شۇ دەرىجىگە يەتسە، روھى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئەگەر گاھى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ھالىتى يۈزلەنسە، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا دالالەت قىلىدۇ».

ئۇنىڭغا بۇ چاغدا مۇشۇ ھال يۈزلىنىپتۇ، دېمەك ئۈمىدۋارلىق بېرىلىپتۇ.

پېقىر ئۇنىڭ خىلۋەت ئىشىكىگە باردىم، ئۇ ھۆكۈرەپ يىغلىماقتا ئىدى. ھېچنېمە دېيەلمىدىم ۋە تەسىرلىنىپ يىغلىغىنىمچە قايتتىم.

پېقىر تەرىقەت ئەھلى ۋە دەرۋىشلەر ۋە ئەھلۇللار سۆھبىتىدە كۆپ بولغانمەن. تەرىقەتتە ئۇنىڭدەك كىشىنى ئاز كۆرگەنمەن.

سەيىد مۇھەممەد ئۇنىڭ يالغۇز پەرزەنتى ئىدى. ئەدەپ – ئەخلاق، كەمتەرلىك ۋە مۇلايىملىقتا ئاتىسىغا مۇناسىپ ئوغۇل ئىدى. گۈزەل تەبىئەتلىك، كېلىشكەن، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىش ھەرىكىتى يېقىملىق بولۇپ، ئون تۆت يېشىدىلا چوڭ كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى شاگىرتلىق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى.

ئۇ ھىرات خەلقىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېگانە ۋە نادىر كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. مۇشۇ يىلى ئۇ قازا قىلىپ كەتتى. كۆپچىلىك خەلق ئۇنى تونۇيتتى. بارچە ئەل ئۇنىڭغا ھازا تۇتتى. بولۇپمۇ مەن پېقىر ئۇنى ئۆز پەرزەنتىمدەك تەربىيىلىگەنىدىم. سەيىد ھەسەن ئەسلى ئۇنىڭ ئاتىسى بولسىمۇ، بىراق مېنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق ئىدى. ئۇ: «ئەلھۆكمىلىللا، ئۇ بىزگە نىسبەتەن ئىگىسىگە بەكرەك كېرەكلىك ئىكەن. ئۈمىدىم شۇكى، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي» دېدى.

ئۇنىڭ جىنازىسىنى ئۇزىتىدىغان كۈنى، سەيىد ھەسەن ئەردەشىر پاكىزە تون كىيىپ، پاكىز سەللە يۆگەپ، تا قەبرىستانلىققىچە باردى. ئەزىز پەرزەنتىنى شەرىئەت ۋە سۈننەت قائىدىسى بويىچە، قەبرىدە ياتقۇزۇپ، تەڭرىگە تاپشۇرۇپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن دۇئالار قىلىپ، لەھەتتىن يېنىپ چىقتى. ماتەمگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار زار – زار يىغلايتتى. خۇسۇسەن پېقىرمۇ چوڭقۇر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەنىدىم.

چوڭ – كىچىك ھەممەيلەن كۆردىكى، ئۇ زات سەۋر – تاقەتنى دوست تۇتقانلىقتىن، ئۇنىڭ ھالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. بۇنىڭدىن پۈتۈن خالايىق تەئەججۇپ ئىلكىدە تېڭىرقاپ قالدى. فەنا ئىستىغراق (ئاللانىڭ مۇھەببىتى يولىدا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا غەرق بولۇپ كېتىش) تىكى بۇ دەرىجە ئىنسانلار جامائەسىدىن يەنە كىمگە نېسىپ بولغاي؟

بۇ كىشى شۇنداق دەيتتى: «دۇنيا جامىدىكى مەينىڭ مەستلىكى ئىچكەن كۈنى بىلەنلا

www.uyghurkitap.com

چەكلىنىدۇ. بىراق مەنسەپ مەستلىكىگە كېلىدىغان بولساق، مەنسەپ ئۈستىدىكى ئادەم مەنسەپتە ئىكەن، ئۇ دائىم مەست ھېسابلىنىدۇ. قاچانكى مەنسەپتىن ئايرىلىدىكەن ئۇ شۇ چاغدا ھوشىغا كېلىدۇ».

بىر كۈنى شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇپ، پەزىلەت ئەھلىدىن بىرى بۇ مەشھۇر بېيىتنى ئوقۇدى: بېيىت:

ياقۇتمۇ تاشتۇر، تاشمۇ تاشتۇر
ئىككىسىنىڭ بىرىدىنلا بىزگە نەپ تېگىدۇ.

بۇ زات شائىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن سۆز باشلاپ دېدىكى: «شېئىردا مۇنداق دېمەكچى، تاش قازان بىلەن ياقۇت ھەر ئىككىسى تاشتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، تاش قازان كىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل تائاملار پىشىدۇ. كۆپچىلىك ھەممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ياقۇتتىن خەلققە تۈرلۈك زەرەر يېتىدۇ. تاسادىپەن بۇ ئۇچۇر يادىمغا كېلىپ قالدى. ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۆز ۋاقتىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىمدە ياقۇت جەۋھەرلەر بولسا ئېلىۋېلىپ، ئەگەر بولمىسا ئۇلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئاختۇرغان، خەلققە تۈرلۈك ئەزىيەت، كۈلپەت سېلىپ، زۇلۇم قىلغانىدى» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى: بېيىت:

مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەنسەپ، گۆھەرلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزلەپ بالا ياغىدۇ. بۇلار سەۋەبىدىن ئەل خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ.

بۇ بېيىتنى ئوقۇغان سورۇندىمۇ تاش قازاندا ئاش پىشۋاتاتتى.

يەنە بىر سورۇندا قېرىلىقنىڭ مۇشەققەتلىرى ھەققىدە سۆز بولۇۋاتاتتى. ھەركىم بىر نېمە دەيتتى. ئۇ دېدىكى: «قېرىلىقتا ھېچنېمىنىڭ زوقى يىگىتلىك چېغىدىكىدەك بولمايدۇ. مۇزىكىدىن شەربەتكىچە، ھەتتا گەپ ـ سۆزگىچە شۇنداق».

بىر مويسىپىت كىشى ئېيتتىكى: «بۇ ھەقتىكى ھەممە سۆزگە بىز قايىل، ئەمما سۇنىڭ زوقى نېمىشقا ياشلىقتىكىدەك بولمايدۇ؟ ھەرقانداق كىشى ئۇسسىسا، مەيلى قېرى، مەيلى ياش سۇ تېپىپ ئىچىپ راھەتلىنىدۇ».

ئۇ دېدىكى: «بۇنىڭدىمۇ پەرق بار. ياشلىقتا تەبىئىي ھارارەت غالىپتۇر. قېرىلىقتا بۇ ھارارەت قالمايدۇ».

بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە ھەممەيلەن قايىل بولدى.

بۇ زات ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ھەج سەپىرى نىيىتىنى قىلغانىدى. ئەمما كۆپ توسالغۇلار بولۇپ، سەپەر مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇ سەمەرقەندكە بېرىپ خوجا ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللانىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇشقا بەل باغلىدى. (مۇشۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپى خۇسۇسەن سەمەرقەند خەلقى ئۇبەيدۇللا خوجىنىڭ قۇتبىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى).

ئاخىر ئۇ خوجا بىلەن بىر نەچچە كۈن سۆھبەت قىلىپ، ھۆرمەت تېپىپ يەنە ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە تارىخ 894 ـ يىلى (مىلادى 1488 ـ 1489 ـ يىللار) دا 73 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، باقىيلىق دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ، سەپەر ناغرىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چېلىپ، روھىي خاراب دۇنيانى تاشلاپ، ئاقىۋەت ئىزلىرى مۇقەددەس بولىدىغان ھۇجرىنى ماكان تۇتتى. مۇبارەك ۋە تەۋەررۇك قەبرىسى گۈزەرگاھ يولىدىكى ئۆز ئاتىسىنىڭ قەبرىسى قويۇلغان گۈمبەز ئىچىدە دەپنە قىلىندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# كىتابى ئابدۇللاھ[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب مۇھەممەد سادىق ئاخۇند فوسكامى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

## قېينئاتا

خوتۇنىنىڭ ئاتاسى ئاڭا دەۋامەت قېينئاتا،
ئېرىنىڭ ھەم داداسى بولغاي نىھايەت قېينئاتا.
قىزنى بەرگەن كۈندىن تا ئىككىسى ئايرىلغۇچە،
بالا ـ بارقام دەپ مەدەد ئەيلەر مەزارەت قېينئاتا.
يەتسە فەرزەندى كۈيەۋ ئوغلىغە تەڭلىك يا كېسەل،
فايدەلىقلارغە ئانى قىلغاي دەلالەت قېينئاتا.
فۇرسەتى يەتسە كۈيەۋ ئوغلىغە كۆپ يارى بېرىپ،
ئىش يولىنى خۇب بىلۇر ئەھلى فەراسەت قېينئاتا.
يەتسە غەم ئەھلى جەھاندىن ئاڭا ھەم غەمخار ئولۇپ،
ھەر يەمانىنىڭ شەررىدىن قىلغاي سەلامەت قېينئاتا.
قىزلارى بىرلە كۈيەۋ ئوغلى خۇشۇمەت قىلسەلەر،
بۇ جەدەلنى سورماقى ياخشى ئەدالەت قېينئاتا.
ئالدىغە بارسە ئانى كۆرمەك ھەمان شەفقەت قىلىپ،
كۆڭلىدە بىلگەي ئانى دەۋلەت ـ سەئادەت قېينئاتا.
ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلسە بۇ پىر ئالىيجەناب،
خىزر پەيغەمبەرمۇ كىرگەنگە ئەلامەت قېينئاتا.
ھەرقاچان فەرزەند تۇغۇلسە قىزىدىن يا ئوغلىدىن،
سۆيۈنۈپ ھەركۈن ئاڭا قىلغاي رەفاقەت قېينئاتا.
قاشىغە ھاجەت بولۇپ بارسە ئانىڭ فەرزەندلەرى،
ئاڭا مىننەت بىرلە يەتكۈزمەس مەلامەت قېينئاتا.
ئىككى نان تافقان كۈنى بىللە يېسەك دەپ چىرلاسە،
كېلىپ ئۆيگە يەتكۈزۈر قانچە شەرافەت قېينئاتا.
ساڭا، ئابدۇللاھ، شەرافەت يوق يەتىمدۇر ئاغاچاڭ،
ۋەلېكىن ئىككى ئاكاسى بار ھەماقەت قېينئاتا.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## قىينىئانا

قايسى مەزلۇم قىزنى بەرسە ئاڭا شولدۇر قىينىئانا،
ياكى قىزنى ئوغلىغە ئالدۇرسە ئول زور قىينىئانا.
ئاناغە ياندىش ئانا ھەر ئىككىنى ئالداشغىنا،
كاللاسى چالباشغىنا سۆزلەردە غولدۇر قىينىئانا.
قوفماقى ھەركۈن سەھەر، فىكرى ئانىڭ نەفئۇ ـ زەرەر،
قىلماق كىرەك ئاندىن ھەزەر كۆرگەندە بول كور قىينىئانا.
مەئلۇم ئىرۇر ياخشى مىزاج ئىشلارگە بەرمىشدۇر رەۋاج،
يەقىنچىلىقغە نائىلاج ئىش ئوڭۇ سولدۇر قىينىئانا.
فەرزەند تۇغۇلسە نەبرەسى، بۇ نەبرەنىڭ كۆپ چەبرەسى،
باردۇر ئانىڭغە سەبرەسى، ئايتۇركى: بول زور، قىينىئانا.
بارچە خوتۇنغە ئۆزى باش ئەر ھەسرەتىدە كۆزى ياش،
ھەر يەرگە بارسە سۆزى ئاش، ئايتۇركى: قول يۇر، قىينىئانا.
بىر ۋەقت نەماز بىرلە سوفى، كۆڭلىدە كۆپ يارنىڭ ئوتى،
ھىچ توختاماس ئىككى فۇتى ھەم ئەگرۇ قولدۇر قىينىئانا.
ئايتۇرسەن ئابدۇللاھ دەۋام: ۋاي ئاغا نازۇك ئايلاكام،
كەلسە كۈيەۋ ئوغلۇم ـ بالام دەپ، مۇندا ئولتۇر، قىينىئانا.

## كۈيەۋ ئوغلان

كىشى كىمنىڭ قىزنى ئالسە شول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان،
ئالىپ كەتسە قىزنى دەركى: يول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئۇلارنىڭ تەئرىفىنى قانچە ئايتسامىۇ تۆگەنمەيدۇر،
تولاراق دوستلارىنىڭ ئالدى ئول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
قىزنى ئوسمە، گۈل بىرلە ياساپ قويماقدا مەئنى كۆپ،
ئەزىزدۇر قىزنى ئالغانغە گۈل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
قىزنىڭ روزگارىدۇر، كۆڭۈلنىڭ نەۋبەھارىدۇر،
يۇرەردە ئالدى ـ ئارقە، ئوڭۇ سول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ۋە بەئزەن بالادىن ياخشى كۈيەۋ ئوغلانىۇ ئارتۇقدۇر،
كىشى ھەققىنى ئاندىن تۇتسە قۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
مۇباداكىم نىكاھىدىن قىزنى چىقارىپ ئالسە،
خوتۇنسىز يالغۇز ئولتۇرماقدا تۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئىگىنلىك تاپسەلەر پات تىكتۇرەلمەي نەچچە كۈن ساقلاپ،
كىيىپ يۇرگەنلەرى بىر ئاتغە جۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئاخىر ئۇمرۇڭدە، ئابدۇللاھ، كۈيەۋ ئوغۇل كۆرەرسەنمۇ،
قاچانراق سەن قۇرۇقدىن قولى ھۆل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.

## كىيىم

ھەر كىشىنىڭ ئوغلى چوڭ بولسە ئاڭا ھاجەت كىيىم،
خىزمەتى بولسە قىلۇر ئالدىدا ھەر سائەت كىيىم.
ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە بولسە ئۇلفەتلىك ئەگەر،
ئول كۇيەۋسىگە بولۇر جەننەتدەكى راھەت كىيىم.
ھەر قاچان كۆپ خىزمەتى يەتكەي ئۇلارگە نىسبەتى،
بار ئىبرۇر خۇپ خىسلەتى تەڭرىغە بۇ تائەت كىيىم.
ئالدىدا قۇلدەكىغىنە، ھۆسنى ئانىڭ گۇلدەكىغىنە،
لەبلەرى فۇلدەكىغىنە، خۇشخۇيلۇقى ئادەت كىيىم.
ئۆزىنىڭ مەتلۇبىدۇر ھەم كۆڭلىنىڭ مەرغۇبىدۇر،
بالانىڭ مەھبۇبىدۇر شەيتانغە بىر ئافەت كىيىم.
كىم كىيىمنى كەلتۈرۇر ئوغلى ئانىڭغە تەلمۇرۇر،
خەيرى بۇ ئۆيگە بەلگۇرۇر مەقسۇدى بىر ئالەت كىيىم.
ئوغلىنىڭ ئارمانى بۇدۇر ياسەدەق - مارجانى بۇ،
ئەردىن ئايرىلماقغە ھەرگىز قىلماغاي تاقەت كىيىم.
ئەسلا يوق ئوغلىغە ئابدۇللاھ ئانى تەئرىف قىلۇر،
ئاتامىزغە ئاغاچام ياخشى بەلەند قامەت كىيىم.

## ئىككىنچى باب مەنسەبى شەرئى ئەمەلدارلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بۇ باب - ئەئلەم، مۇفتى، قازى، رەئىس، مۇدەررىس، مۇتەۋەللىي (مەدرىسە، مەسچىتنىڭ يەر - مۈلۈكلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى)، مۇئەززىن، ئىمام، خاتىب، شەيخ.

### ئەئلەم ئاخۇنۇم

شەھەرنىڭ قازىيۇل - قۇززاتلارىنى خەلق ئاتار ئەئلەم،
خۇدانىڭ ھۆكمىدىن بىزلەرگە ھەق يولنى ئاچار ئەئلەم.
خەلايىق بىر - بىرىگە ھەرقاچان دەئۋالاشىپ كەلسە،
مۇقىرغە مۇددەئىينىڭ ھەققىنى بەر دەپ باقار ئەئلەم.
يەنە بىرسى ئاڭا مۇنكىر بولۇپ يا قىلسەلەر ئىيفا،
خەتا بولسە كۆرۈپ يا ئىككى شاھىدنى مارار ئەئلەم.
مۇبادا مۇددەئىي شاھىد تاپالماي بولسە ئول تەنھا،
ئۇشۇل دەئۋىي قىلىنغان كىشىنى ئانغە ئۇفار ئەئلەم.
قەسەم قىلسە ئەگەر ئول مۇددەئىينىڭ ھەققىنى يوق دەپ،
ئانىڭ ھەققىغە بۇ ئانى بەدەل ئەيلەپ ساتار ئەئلەم.
ئەگەر يانسە قەسەمدىن مۇددەئىينىڭ ھەققىنى بۇيرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاڭا رازى ئەمەسنى رايىغە مەھكەم چاتار ئەئلەم.
بۇ زاتىنىڭ ئالدىغە خەت قىلدۇرۇپ شاھىد بىلەن كىرسە،
بۇ خەتكە موھرىنى خۇب ياخشى تەھقىقلاپ باسار ئەئلەم.
ۋە بەئزىلەر موھۇرلۇق خەت بىلەن كەلسە ئانى كۆرگەچ،
بۇ خەتلەرنىڭ مۇقەددەمراقىنى ياخشى سانار ئەئلەم.
بۇ زاتنى تەكلىف ئەتسە ھەر كىشى مىيىيت نەمازىغە،
ئانىڭ جايىنى، ئاڭلاپ ياخشى سائەتدە بارار ئەئلەم.
ۋەلىيلەر ئاندا مىيىتنى قاچان تەييار قىلىپ چىقسە،
بولۇر گوياكى بۇ سەفلەرنىڭ ئالدىدا مازار ئەئلەم.
نەمازىنى ئوقۇپ تۇفراق باشىغە بارسەلەر ئاندىن،
ئانىڭ فەيزى گورۇستانغە ئولۇپ ئاندىن تاشار ئەئلەم.
تىلاۋەتدىن كېيىن قىلغان دۇئاسىنى دىسەم، ھەيھات،
سەۋابى بارچە ئەرۋاھلاردىن ھەم ئۆزگە ئاشار ئەئلەم.
بۇ بۇزۇرگۋارى ئالەم ئول مۇسىيبەتخانەغە كەلسە،
دۇئا بىرلە ئۆيىنى توشقازىپ ئاندىن يانار ئەئلەم.
بارىپ ئالىي مەقامىغە چىقىپ سەجادە ئۈستىگە،
موھۇر باسماقغە لايىق خەتنى شىرىن دەپ يالار ئەئلەم.
ئوشۇل كۈن كەچغەچە مۇھرانە تۇشكەنلەرنى جەمئ ئەيلەپ،
بۇ فۇلغە مەھرەمى بىرلە ساناپ شوينە سافار ئەئلەم.
يەنە ھەققۇس ـ سەلاۋات قەبزانەلەردىن گەنج مەخفى بار،
ئىشىكنى قۇلۇفلاپ ھەم كاتتە دەم بىرلە تاقار ئەئلەم.
نەمازۇ نەزرە ـ مىھمان ھەم مۇرافىئدىن بولۇپ فارۇغ،
بولۇپ ئولدەمدە ئايىم خانەسىدە بەرقەرار ئەئلەم.
ۋە بەئدەز ئەھلى فەرزەندى بىلەن بىر چاي ئىچىپ بۇ زات،
مۇبارەك قۇلاقىدا يەرنى تىڭشاپ شۇك ياتار ئەئلەم.
سەھەرلىكدە جەمائەت بىرلە بامدادنى ئەدا ئەيلەپ،
تەلەبكارلارغە دەرس ئايتىپ شىرىن سۆزنى ساچار ئەئلەم.
ئەجايىب بىر قىزىپ كەتكەي بۇ سائەت ئىلم بازارى،
بۇ قىسمى سودەدىن ھەركۈن ھەياننى خۇب تافار ئەئلەم.
بۇ ئايتقان ئىلملاردىن ئىلمى سەرف ھەم نەھۋ ھەم مەنتىق،
يەنە ئىلمى ئۇسۇل ھەم ئىلمى فىقھ خۇش ياقار ئەئلەم.
ئۆتەر ئىلمى فەرايىز يا ھەدىس يا ئاندا تەفسىرلەر،
هارىپ قالغاندا ئاخىر نەقل ئىلمىغە قاچار ئەئلەم.
ۋە بەئزەن ئىلمى ئەخلاق يا ئانىڭ غەيرى تەمام بولسە،
قەزا ئىلمىنى دەئۋىيگەرغە قىلغاي كۆپ نىسار ئەئلەم.
مۇخاسىمنىڭ قولىدا بولسە فەتۋاسى كۆرۈپ دەرھال،
ئىبارەت بىرلە تەھرىر راست چىقىپ كۆڭلى قانار ئەئلەم.
ئەگەر دارۇل ـ قەزادا قايسى ئىشقە كىم قىلۇر ئىنكار،
ئوشۇل ئادەمنى ئەلبەتتە قەسەم تەڭلەپ قىسار ئەئلەم.
مۇدەررىسلەر ئاراسىدا جىنايەت بولسە كۆپدىن ـ كۆپ،

ئانى ئامبالنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى يافار ئەئلەم.
خەتىب، شەيخ يا ئىمام بىرلە مۇئەززىن بولسەلەر قولداپ،
ئۇرۇپ تەئزىر بىمالدا يەنە ئورنىغە قادار ئەئلەم.
مۇبادا مۇددەئىيلەر قىلماسە مەقبۇل ئانى ھەرگىز،
چاقىپ ئامبانغە بىڭلاپ يا ئەمەل ئاندىن ئالار ئەئلەم.
ئەگەر ئۆلسە ئانىڭ ئورنىغە بىر لايىقنى تەئيىنلەپ،
قويار فەزلىنى خۇب تەئرىف قىلىپ لەيلۇ نەھار ئەئلەم.
شەھەر ـ سەھرانىڭ ئاخۇند، بەگلەرىغە يەتكۈزۈپ خىزمەت،
ئاڭا خۇرسەند بولۇپ كۆڭلى ئىرۇر فەسلى بەھار ئەئلەم.
ۋەتەنغە كەلسە يا مۇندىن فەلەك تاقىدا خۇرشىددەك،
جەمالى كۆرۈنۇر بىزگە قىزىل ئالمە ـ ئانار ئەئلەم.
كىشى ئاخۇنلۇقۇمنى تەكلىف ئەتسە نەزرە يا تويغە،
ۋەيا مىييىت نەمازىغە بارۇرغە ئات چافار ئەئلەم.
ئەگەر ئاخۇنلۇقۇم بارغان يەرىدە بولسە نەزرۇللاھ،
مۇبارەك ئاغزىدىن قوينىڭ ياغى ساقىپ تامار ئەئلەم.
مۇبادا مەئرەكە ـ توي بولسە خۇب نەغمە ـ نەۋا بىرلە،
بۇ مەجلىسدە ئانى ئىشتىپمۇ بىر كۆڭلى ياشار ئەئلەم.
ۋەيا مىييىت نەمازى بولسە ۋەقتىدە ئوقۇپ بەرگەچ،
نەمازغە ئات ئالۇر قەبزانەگە دۇدۇن ـ تاۋار ئەئلەم.
يانىپ ئاندىن ئوشۇل ئات بىرلە ئول كۇن بارگاھىغە،
مىراخور باشىغە دەپ ئاتنى ئۇستۇنراق ئاسار ئەئلەم.
بۇگۇننى ئۆتكەزىپ ئەرتە سەھەرلەپ ئاتلانىپ ئاندا،
بارىپ مەقبەرگە ھەم ئۆيگە يۇزى تەرلەپ ئاقار ئەئلەم.
مۇسيبەتخانەنىڭ دەستۇرخاندىن بولسەلەر فارۇغ،
قوفۇپ، يائاللاھ دەپ ياناقغە فەشلەرنى قاقار ئەئلەم.
بۇ ھاۋلىدىن چىقىپ ئالىيجەناب ھەم خۇبلاشىپ يانسە،
يۇرەر قالغان ھەمە ئاخۇندلارىم بىرلە قاتار ئەئلەم.
قاچانكىم ئىستىقامەتخانەسىغە يەتسە بۇ ئىشان،
ھارىپ قالغاندا سەللە ـ تونىنى ئۇستىدىن سالار ئەئلەم.
ئەگەر فۇرسەتنى تاپسە ئەندەكى ئارام ئالىپ قوفقاچ،
تەھارەت ئالسە پىشىنگە سەفالىنى تارار ئەئلەم.
كىيىپ دەستارۇ تونلارنى نەماز پىشىن ئەدا ئەيلەپ،
دىسە بىر ھۆكمى شەرئىينى ئاڭا رەھمەت ياغار ئەئلەم.
شەرىيئەت ھۆكمىنى كىم راست تۇتۇپدۇر ئول ۋەلىي بەرھەق،
بۇ ۋەجھىيدىن ئوشۇل زات مۇستەفاغە بىر چاكار ئەئلەم.
جەھان ئەئلەملەرىنى شەرئىنىڭ خىزمەتگەرى دەرمەن،
بۇ خىزمەتنى خەتا قىلسە باشىنى يەپ غاجار ئەئلەم.
نەماز ھەققى بىلەن قەبزانە، مۇھرانە ئىرۇر جايىز،
نىكاھ ھەققى ھەلالدۇر ئالسە فۇلدىن مىڭ تاغار ئەئلەم.
مۇبادا تەئزىر ھەققى ياكى نەزرە ئالسە ئالغايلار،
نىچۇنكىم سەرفى چوڭ بىچارە ھەم ئاغزى كامار ئەئلەم.
رەسۇلنىڭ ۋارىسى ئالىم ئىرۇر دەپ بىلگۇسى بارچە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەجەب مۇنچە ئۇلۇغلۇق بىرلە ھاۋلىغە فاتار ئەئلەم.
تونۇپ ئۆتمەسسەن، ئابدۇللاھ، ئوشۇل ئاخۇندلارىڭنى ھېچ،
ئۆزىنى ساڭا بىلدۇرمەككە قورچاقدەك ياسار ئەئلەم.

## مۇفتى ئاخۇنۇم

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: نىجىس، پاك، ھەرام، ھەلال، تەھارەت، غۇسل، نەماز، روزە، زەكات، ھەج، نىكاھ، رىزائ، تەلاق، ئىتاق، ئىمان، ھۇدۇد، سىرقەت، جىھاد، لەقىت، لۇقەتە، ئابىق، مەفقۇد، شىركەت، ۋەقف، كەفالەت، سەرف، ھەۋالەت، شەھادەت، ۋەكالەت، دەئۋا، ئىقرار، سۇلھ، مۇزارىبە، ۋەدىئەت، كەراھىييەت، ھەببە، ئىھيائ، مەۋات، ئىجارە، ئارىيەت، مەكاتىب، ۋەلائ، ئىگراھ، ھەجر، مەئزۇن، شەفقەت، غەزەب، قىسمەت، مەزارىئ، زەبايىھ، ئۇزھىييە، ئەشرىبە، سەيد، جىنايات، دىيات، ۋەسايا، خۇنسا، ئەلفازى كۇفر.

ياراتىپدۇر خۇدايىم بەندەگە ئالەم ئارا مۇفتى،
شەرىيئەت ھۆكمىگە قىلغايمۇ ھېچ چۇنۇ چەرا مۇفتى.
خىلاف قىلسە بەناگاھ مۇستەفانىڭ ئەمرى شەرئىگە،
بولۇر ئەلبەتتە مەھشەردە ئانىڭ يۈزى قارا مۇفتى.
گۇمانىمدۇر بۇ زاتلار ھەق رەسۇلنىڭ مىرزاسى بولغاي،
كىتابدىن چىقسەلەر فەتۋانى قىلماسلار خەتا مۇفتى.
رىۋايەت بىرلە بىزلەرگە مۇسۇلمان بەندە ئات قويدى،
خۇدا دەرگاھىدا بىز ئاسىيلارغە بىر ئەسا مۇفتى.
شەھەرلەردە ئەگەر بۇ ئەۋلىيالار بولماسە ئېردى،
ئەزازىل ئاخۇنۇمنىڭ ئەمرىدە بارچە يىغا مۇفتى.
ئىبادەتدىن سەۋاب تاپماق رىۋايەتلەرگە مەۋقۇفدۇر،
زۆرۈرەتدىن خەتا ئىشلارنى ئەتتى بۇ رەۋا مۇفتى.
نەمازى شافىئي ھەم مالىكىيدە نادۇرۇست بولسە،
قىلىپ ئەبۇ ھۆسەيىنغە مەزھەبى بىرلە ئەدا مۇفتى.
كىشى شەيتان يولىغە كىرگەننى ئاڭلاسە ناگاھ،
سالىپ رەھمان يولىغە ئاڭا بولغايكىم ئاكا مۇفتى.
نىجىس، پاك ھەم ھەرام بىرلە ھەلالغە قىلدىلار فەتۋاي،
تەھارەت ـ غۇسل بىرلە ھەم تەيەممۇمغە يانا مۇفتى.
نەماز، روزە، زەكات، ھەجغە، نىكاھ، رىزائ، تەلاقلارغە،
ئىتاق، ئىمان، ھۇدۇدلارغە خۇدايىمدىن ئەتا مۇفتى.
يەنە سىرقەت، مەسايىل ھەم جىھاد بىرلە لەقىت باردۇر،
يەنە ھەم لۇقەتە، ئابىقۇ مەفقۇدغە فەنا مۇفتى.
ۋە ئاندىن مەسئەلە شىركەت بىلەن ۋەقف بەيئ فەتۋاسى،
كەفالەت، سەرف، ھەۋالەت قازىي ھۆكمىغە قەزا مۇفتى.
شەھادەت ھەم ۋەكالەت يەنە دەئۋا، يەنە ئىقرار،
يەنە سۇلھى، مۇزارىب ھەم ۋەدىئەت پۇر بەھا مۇفتى.
ھەبە بىرلە ئىجارە، ئارىيەتدىن يا مەكاتىبدىن،

ۋەلائ، ئىگراھ، ھەجەر، مەئزۇن، مەسايىلدا رەسا مۇفتى.
ۋە شەفقەت، غەزەبۇ قىسمەت يا مەزارىئ يا مەساقاتلار،
زەبايىھ، ئۇزھىيە بىرلە كەراھىيەت غىنا مۇفتى.
ۋەھەم ئىھيائۇ ئەمۋات، ئەشرىبە، سەيد يا جىناياتلار،
دىيات بىرلە ۋەساياغە رىۋايەتلىك نەما مۇفتى.
يەنە ئەلفازى كۇفرى بىرلە خۇنسا مەسئەلە باردۇر،
ۋە ئاندىن ئۆزگە كۆپ فەتۋا قىلۇر ئەھلى ۋەفا مۇفتى.
قىلۇر ئاخىر زەماندا مۇجتەھىدنىڭ ھۇكمىنى جارىي،
شەرىيئەت يولىنى كۆرسەتكەلى خۇب باسەفا مۇفتى.
ئۇلارنىڭ دەرەجاتى مۇتتەسىل قازى ـ قۇزاتلارغە،
ھەمىشە تەڭرىدىن قورقۇپ يۇرۇپ كۆڭلى خەفا مۇفتى.
بۇ زاتلارنى مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ۋارىسى دەرمەن،
كۆڭۇلنىڭ دەردىگە فەتۋا بىلەن ئەيلەر دەۋا مۇفتى.
قىياس بىرلە ۋە بەئزەن قازى ئامىي ھۇكم قىلغايلار،
ۋەيا ئول قازى بار جايدا تافالماسلار نەۋا مۇفتى.
رىۋايەتلەردە ئايتماسنى كىشىگە بۇيرۇسە زامىن،
ئول ھەم تەقلىدى فەتۋايلارنى بىلمەس بىرگاچا مۇفتى.
بۇ موفتى ـ قازىلىقنىڭ شەرتى كۆپدۇر چوڭ كىتابلاردا،
ئانىڭ شەرتىنى بىلمەي ئۆزگە سالغاي كۆپ جەزا مۇفتى.
سەن، ئابدۇللاھ، بۇ شەرتنى بىلمەگۇنچە مۇفتىلىق قىلمە،
خەلايىق ئايتماغايلار سىنى بىر ئابدال گەدا مۇفتى.

## قازى ئاخۇم

خۇدانىڭ ھۇكمىنى جارىي قىلىپ دەئۋا سوراپ قازى،
بىلىپ ناھەقنى قىلماس ھېچقاچان غەۋغا بۇراپ قازى.
كىشى ھەركىمدىن ھەققىنى ئالالماي كەلسە ئالدىغە،
مۇقىرنى بەرگەلى بۇيرۇپ ئەمەس ئاچچىق غوراپ قازى.
ئەگەر بولسە ئاڭا مۇنكىر قاشىدا قىلدۇرۇپ ئىقرار،
بۇ ئىقرار قىلماسە ئان بىرلە گالدىن چىلڭ بوغاپ قازى.
ئىكۆۋلەننىڭ خەتى بولسە مۇقەددەمگە ئەمەل قىلغاچ،
ئاڭا قانىئ ئەمەسنى دورغە ئالدىغە سولاپ قازى.
كىشى خەت قىلدۇرۇپ كىرسە ئانى ياخشى ھەقىقەتلەپ،
شەخاچەن قويماسە موھرانەسىغە ھەم ئۇناپ قازى.
نەمازغە چىرلاسە دەرھال بارىپ ئۇبدان ئوقۇپ بەردى،
ئالىپ قەبزانەنى ھەققۇس ـ سەلات ئالماي قوفاپ قازى.
گورۇستاندىن يانىپ ئولدەم مۇسىيبەتخانەگە بارسە،
دۇئا قىلغاي قەدىم ئەرۋاھلارنى ھەم قوشاپ قازى.
بۇ يەردىن خۇبلاشىپ ئۆز ئۆيلەرىگە بارغۇچە بۇ زات،
ھارىپ يولدا ئىسىغلاپ ياز كۇنى بولسە ئۇساپ قازى.
پىشىن ۋەقتىدە قىشلاق ياكى لەڭگەرگە تۇشۇپ ئاتدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


تەھارەتدىن كېيىن ئىچكەي قېتىق بىرلە دوغاب قازى.
ئۇلۇغ ئاخۇنلۇقۇم پېشىن ئوقۇپ ئاتلانسە ھاۋلىغە،
كېلىپ ئۆيگە كىرىپ ھارغان چاغىدا كۆپ بوشاپ قازى.
سەھەرلەپ ئەرتەسىدە فاتىھە ئەيلەپ مۇسىيبەتنى،
قوقۇپ ئاندىن ئۆزىنى نەزرە بار يەرگە ئۇلاپ قازى.
قاياندا بولسە نەزرۇللاھ ئاڭا داخىل بولۇپ دەرھال،
ئاشىنى خۇب سالىپ ھەم گوشتىنى يەركىم يوناپ قازى.
بۇ يەردىن يانسەلەر ئەرتە كېلىپ نەزرە مۇسىيبەتكە،
يەنە فارىغ بولۇپ ھەم خۇبلاشىپ ئۆيگە ئۇزاب قازى.
بارىپ ئۆز ھاۋلەسىغە كەلسە دەئۋاگەر ئانى سورغاچ،
شەرىيئەتكە مۇخالىف كىشىنى تەئزىر سوقاپ قازى.
بۇگۇننى كەچ قىلىپ ئەرتە نەمازدىن سوڭرە دەرسگويلۇق،
قىلىپ تالىبلارنىڭ ئالدىنى ئىشقە توساپ قازى.
ۋەزايىف ئادەتى بولسە ئوقۇپ دەرھال تەمام ئەيلەپ،
توقاچدا ناشتە قىلغاچ چاينى ئىچكۈنچە شوراپ قازى.
يەنە چاشگاھ مەھەلدە ئەھلى خىزمەتلەرگە ئاش بەرگەچ،
ئۆزى مېھمان قاشىدا ئولتۇرۇپ ئاش يەر فولاپ قازى.
ۋە ئاندىن بەئزىلەر خەت بىرلە كىرسە باستى موھرىنى،
قىلىپ ئازغە قەنائەت ئالمادى فۇلنى بۇلاپ قازى.
ۋە بەئزەن بەزمەگە بارغانلارىدا ئولتۇرۇپ كەچلەپ،
رەفىقلەر بىرلە ياخشى نەغمەنى ئاڭلاپ قوناپ قازى.
كېچە ئالىيجەناپ مېھمانخانە يا باغۇ بوستاندا،
ياتىپ فۇت - قوللارى تالسە يىغىپ گاھى سوزاپ قازى.
سەھەر ئۆيگە كېلىپ بولغاي جەھاننىڭ ئىشىغە مەشغۇل،
شەرىئەت ئويغاقىدا ماجەرالارنى ئوراپ قازى.
خىلافى شەرئ قىلغاننى گۇۋاھلار ئاشكار ئەتسە،
كۆرۈپ ئەلبەتتە گەردەنگە گۇناھىنى قوياپ قازى.
ئىشەككە مىندۇرۇپ بەر ئەكس ھەم باشغە تەلفەكنى،
قازاننىڭ قاراسى بىرلە ئانىڭ يۈزىن بوياپ قازى.
بۇ دۇنياغە گۇناھىڭ بولسە تاشلاپ ئۆلگىل، ئابدۇللاھ،
ئىزا قىلماس سېنىڭ يۈزۈڭگە ھېچ نەرسە سوراپ قازى.

## رەئىس ئاخۇنۇم

ھۆكمى شەرئىينى جەھاندىن قىلمادى خالىي رەئىس،
ھەر شەھەرنىڭ شەيخۇل - ئىسلامى جەناب ئالىي رەئىس.
قايسى مەۋزىئدە جەمائەتنى ئەگەر تەرك ئەيلەسە،
ئانى ئاڭلاپ ئىھتىساب قىلغاي بارىپ گاھى رەئىس.
ياكى بازاردا خەلايىق قىلسەلەر مىزاننى كام،
ئانى ھەم مىسقالغە تەڭ قىلغاي بارىپ قازى رەئىس.
راھى ئامىنىڭ كوچەسىنى ھەر كىشى تار ئەيلەسە،

قىلغۇسى ئانداغ كىشىگە ھۆكمىنى جارىي رەئىس.
يا ئىمام بىرلە مۇئەززىنلەر نەمازغە چىقماسە،
ئانى تەئزىزلەپ جەمائەتكە بىرۇر يارىي رەئىس.
قىلماغاي ھەرگىز مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقە ئىھتىراز،
ئىزنى شەرئىي بىرلە ئۇرماق ھەرقاچان كارى رەئىس.
ئاخۇنۇمنىڭ بۇ ئىشىغە نەچچە مىڭ رەھمەت ئىرۇر،
ئادەتى قورقۇپ خۇدايىمدىن يىغى - زارى رەئىس.
بەئزى بازارلاردا بىر ئاخۇندنى قىلغاي مۇھتەسىب،
بارسە سەھراغە ئاتانغاي ھەممەدىن قارى رەئىس.
ۋايغىنا، ئاخۇنلۇقۇمنىڭ بۇ قەدەر ھىممەتلەرى،
چوڭ - كىچىك بارچە جەمائەت ئەھلىنىڭ تاجى رەئىس.
قايسى خاتۇن يۈرسە نامەھرەم بىلەن ساچى ئوچۇق،
ئانى تەئزىر بىرلە ئۇرسە بولماغاي ئاسىي رەئىس.
ھەر خوتۇن ئىددەت ئىچىدە غەيرىگە تەگسە ئەگەر،
ئانى تەئزىرلەپ شەرىيئەتنى قىلۇر رازى رەئىس.
يا مۇبادا ئۈچ تەلاق خاتۇنلارىنى ئالسەلەر،
بەرگۈسى تەئزىر ئانىڭغە خاھ ناخاھىي رەئىس.
ھەر كىشى بىر خاتۇننى ئۈچ قىتىم قىلسە تەلاق،
سورسە ئۇرغايمۇ ئانى بۇدۇر جەۋاب: ئارىي رەئىس.
يا نىكاھنىڭ ئىچىدە خاتۇن ۋەيا مەھرەم ئاڭا،
بولسە قادىر تەئزىرىنى قويماغاي باقىي رەئىس.
كۆپ ھەرام بولغاي ئىبىلداش خوتۇن ئالسە ھەر قاچان،
ئۇرسە ئۇرغايلار چەراكى خەلقنىڭ شاھى رەئىس.
ھەر كىشى فاسىد نىكاھ بىرلە خوتۇن ئالسە ئەگەر،
ئانى ئاڭلاپ ئىھتىساب قىلماقنىڭ ھەم كانى رەئىس.
قانچە نانبايىنى خەلايىقغە تەماشا قىلدۇرۇر،
سەرىنىڭ بولسە ئۇلارنىڭ بولدى كەم نانى رەئىس.
يەنە قەسساب بەچچەخەر بەش - ئالتە تاشاق ساقلادى،
ئول ھەرامتاشاق ئاكامىنىڭ كۆڭلىدە جانى رەئىس.
قىل خوجۇننىڭ ئىچىدە ئىككى ھەلال تاشاقمۇ بار،
بىر كىشى ئاندىن خەبەردار ئىھتىمال ياكى رەئىس.
بىلگەلى ئول زاتى ئەشرەف ئاخۇنۇمدەك موللا يوق،
بار دىسە يۈز - كۆزلەرىدە قالماغاي قانى رەئىس.
بەئزى جىڭلاردا ساپۇنچى بىلدۇرۇپ كام ساتسەلەر،
ئىھتىساب ئەيلەر ئۇلارنى كۆرسە قىش - يازى رەئىس.
جوبادارلارنىڭ تاشىنى ئايتادۇر ئەلبەتتە راست،
كەم دىسەك بىزلەر ئۇلارغە بولغۇسى ھامىي رەئىس.
ۋايغىنە بەئزەن جۇۋازچى ئۇستالارنىڭ قافاقى،
قاش - قافاقغە باقسە ھەركىم ئاغزىدا لافى رەئىس.
كۆرسەڭ، ئابدۇللاھ، بۇ ئۇستام ئالدىدا ياغلىق قافاق،
سەن تۇتۇپ تارتمە ئانىڭ لايىق بەلەندراقى رەئىس.

www.uyghurkitap.com

## مۇدەررىس ئاخۇنۇم

قىلىپ ھەق بەئزىنى ئاقىل مۇدەررىس،
ئوقۇپ دەرس ئۆزگەتۇر ئادىل مۇدەررىس.
بولۇپ ۋارىس مۇھەممەد مۇستەفاغە،
يۈرۈر ئىلم تىلەپ سايىل مۇدەررىس.
ئانى ئۆزگەتكۈسى تالىبلارىغە،
ئەمەسدۇر ئۆزگەدەك جاھىل مۇدەررىس.
دېسەم سەرف، مەۋزى، زەنجانى، ئەۋامىل،
ئاڭا تەسەررۇفات شامىل مۇدەررىس.
بەرادەر بولدى كافىيە ئانىڭغە،
مۇنىڭ شەرھىيگە ھەم قايىل مۇدەررىس.
دېگەيلەر بۇ كىتابنى شەرھى موللا،
كىشى بىلسە مۇنى قابىل مۇدەررىس.
يەنە بار مۇختەسەر ھەم شەرھى ۋەقايە،
ھىدايە ئۆزگەتىپ ئامىل مۇدەررىس.
ۋە ھاشىيە بىلەن شەمسىيە، مىزان،
قىلىپ مەجمۇئنى ھەم داخىل مۇدەررىس.
يەنە ئىساغۇجى سۇغراۋۇ كۇبرا،
ئەقايىدنى قىلىپ مايىل مۇدەررىس.
خەيالى بىرلە ھەم ئەبدۇل ـ ھەكىمنى،
ئانىڭ بىرلە قىلىپ ۋاسىل مۇدەررىس.
ۋە بەئزەن ئۆزگەتىپ ھىدايەتۇن ـ نەھۇ،
تىلى ھەق بىرلەدۇر يا دىل مۇدەررىس.
ئوقۇسە نەفھاتى نەزھىيۇ تەۋزىھ،
ئاڭا بولغاي ھەمە قائىل مۇدەررىس.
ۋە ھەم مۇشكات، مەكتۇبات، فەرايىز،
دېمەس ھېكمەتنى ھېچ باتىل مۇدەررىس.
قاچانكىم فىقھۇل ـ ئەكبەر مۇنتەھىيغە،
ئەمەس بولسە ئەگەر قاتىل مۇدەررىس.
ئەگەر تەلخىس بىلەن موللا جەلالنى،
تەمام ئۆزگەتسە خۇب فازىل مۇدەررىس.
بىل، ئابدۇللاھ، يەنە تەھزىبۇ تەفسىر،
ئانىكىم ئۆزگەتۇر كامىل مۇدەررىس.

## مۇئەززىن ئاخۇنۇم

بولۇپدۇر خەلق ئارا مەردان مۇئەززىن،
ئەزان ئوقۇپ خۇدا دەر جان مۇئەززىن.
قاچان بەش ۋەقت نەمازنىڭ ۋەقتى يەتسە،
ئوقۇر ئاندا ئەزان ھەريان مۇئەززىن.
يەنە ئازىنە كۈندە بولسە جۇمئە،
ئەزان ئوقۇغالى ئەرزان مۇئەززىن.
ئەجەب ئەرزان ئەزان مىڭ يامبۇغە ھەم،
ئۆزى گەۋھەر، سۆزى مارجان مۇئەززىن.
خەتىب خۇتبە ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقسە،
نەمازغە قىلغۇسى فەرمان مۇئەززىن.
بۇلارنىڭ قەدرىنى بىلسە خەلايىق،
دېگەي پىرىم بەلاگەردان مۇئەززىن.
ۋە ھەركۈندە نەمازنىڭ ۋەقتى كەلسە،
ئوقۇغۇنچە ئەزان تەرسان مۇئەززىن.
مۇسۇلمان بەندەلەر ئاڭلاپ ئەزاننى،
كۆڭۈلدە قالماغاي ئەرمان مۇئەززىن.
كىشىنىڭ ئاخىرەتلىك دەردى بولسە،
بولۇر بۇ دەردىگە دەرمان مۇئەززىن.
ئەزان ئوقۇپ بۇلار فەسلى تومۇزدا،
يۈرەك باغرى بولۇر بىريان مۇئەززىن.
ھەمىشە ئاخىرەتنىڭ ۋەھمى بىرلە،
تەمام ئەئزالارى لەرزان مۇئەززىن.
مۇنىڭدا خاسىيەت كۆپ بىلسە ھەركىم،
بولۇر ئاڭلاپ ئانى ھەرجان مۇئەززىن.
ئانانىڭ سۈتى بىرلە تەڭ ھەلالدۇر،
ئەزان ئوقۇپ بېرىپ يەر نان مۇئەززىن.
بۇلار ھەق دەرگەھىدە خاس قۇلىدۇر،
ئالۇر رەھمەتنى كۆپ ھەر ئان مۇئەززىن.
بېھىشتىغە كىرگەلى باشلامچىسىدۇر،
تەنىدە بولسەلەر گەر جان مۇئەززىن.
تولا ھۆرمەت قىل، ئابدۇللاھ، ئەزانغە،
سەن ئەھمەق، ئول ئەجەب تەردان مۇئەززىن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# تارىخى رەشىدى[①]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئۇۋەيسخاننىڭ شەھىد بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئەمىر خۇدايداد مەككىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مىر مۇھەممەد شاھ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئولتۇردى. بىرنەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇۋەيسخاننىڭ ھاياتلىق كۈنلىرىنى ئۆلۈم كېچىسى قاراڭغۇ قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

ساتۇقخان تېمۇر خانلىرىدىن ئىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ رەسىم - قائىدىسى شۇنداق ئىدىكى، خانلاردىن بىرىنى خان نامى بىلەن ئاتايتتى ۋە شەھەر ئىچىدە بىر مەھەللىدە ماكان تەيىن قىلىپ، نەزەربەنت ھۆكمى بىلەن ساقلايتتى. ھازىرمۇ سەمەرقەند شەھىرىدە ئۇ مەھەللىنى ھەباتى خان دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مەھەللە ناھايىتى چوڭ مەھەللىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە كىچىك مەھەللىلەر بولۇپ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بار. ھەۋزى بوستان خان بولسا سەمەرقەند شەھىرىنىڭ ئوبدان مەھەللىسى بولۇپ، بۇ مەھەللىمۇ يۇقىرىقى مەھەللىلەر جۈملىسىدىندۇر. دېمەك، ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدا ئاشۇ مەھەللىدە سۇيۇرغانمىشخان بار ئىدى. ئۇ خان ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدا ئىراققا بېرىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەباتى خاندا ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزغانىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ بارلىق ئالاقە پەرمانلىرى مۇشۇ ئىككى خاننىڭ ئىسمىدا ئىدى ۋە مۇنداق ئىبارە بىلەن پۈتۈلەتتى: «سۇيۇرغانمىشخان يارلىقىدىن ئەمىر تېمۇر كۆرەگان سۆزۈم». مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالاقە ۋە پەرمانلىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ساتۇقخاننىڭ ئىسمىدا ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ساتۇقخاننى ھەباتى خاندىن چىقىرىپ، ئورنىدا باشقا خاننى ئولتۇرغۇزدى. ساتۇقخاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. ئۇۋەيسخان بۇ چاغدا ئىسسىق كۆل چېگرىسىدىكى ياقا بۇلۇڭ دېگەن جايدا ئىدى. پېقىر مەۋلانا خوجا ئەھمەدتىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ زاتنىڭ خوجا ئەبدۇلكەرىم ئاتلىق بىر نەۋرە تۇغقىنى بار ئىكەن، ئۇۋەيسخانغا يېقىن ئىكەن. شۇ كىشى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەنىكەن: جۈمە كۈنى ئىدى، خان جۈمە نامىزى ئۈچۈن غۇسلى قىلدى ۋە چېچىنى ئالدۇردى. ئاندىن كېيىن مەندىن: «مېنىڭ بېشىم

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ پاكىزلىقى بىلەن نېمىگە لايىقتۇر؟» دەپ سورىدى. مەن: «مەملىكەت تاجىسى كىيىشكە لايىقتۇر» دەپ جاۋاب بەردىم. خان ئېيتتىكى: «تاج كىيىشكە ئەمەس، بەلكى شەھىد بولۇشقا لايىقتۇر». شۇ سۆزدىن كېيىن، بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى ۋە: «ساتۇقخان كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. خان دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئەمىر قىلدى. ئۆزى كىيىنىشكە مەشغۇل بولدى. ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق لەشكەرلەر يىغىلدى. ئۇلار بىلەن ئاتلىنىپ ساتۇقخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئۇلۇغ سۇ بار ئىدى. ئىككى تەرەپتە ئىككى سەپ بىر – بىرىگە يۈزلەندى. ئاندىن ئۇۋەيسخان ئالدىدا يۈردى. ئۇ سۇدىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتمەكچى بولغانىدى، ئاتنىڭ ئايىغى لايغا پېتىپ قالدى، ئۆزى يىقىلدى. خاننىڭ چاقىر ئاتلىغ بىر مۇلازىمى بار ئىدى. ئۇقيا ئېتىشتا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن، خان چاقىرنى مىر مۇھەممەد شاھتىن سورىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە تۇرغۇزغانىدى. خان ئاتتىن يىقىلغاندا بۇ چاقىر دېگەن مۇلازىم يېتىپ كېلىپ، قارىسا بىر كىشى ئات بىلەن يىقىلىپتۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ باھادىرلىرىدىن بىرى بولۇپ ئاتتىن يىقىلغان بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىپ، كامانغا ئوقنى قويۇپ خاننىڭ بىقىنىغا شۇنداق ئاتتىكى، ئوق تاكى يۈگىنچە پېتىپ قالدى. خان يۈمۈلىنىپ ئوڭدا بولغان ھامان چاقىر ئۇنى تونۇپ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلىدى ۋە خانغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن، خاننىڭ بېشىدا چۆرگىلىگىلى تۇردى. ئاڭغىچە بۇ خەۋەر ساتۇقخانغا ئاڭلاندى. ساتۇقخان تېزلىكتە ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، خاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. لېكىن خاننىڭ تىنىقى توختىغانىدى. شۇندىن كېيىن پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ۋەيران بولدى. ئۇلار ساتۇقخانغا بويسۇنمىدى. شۇڭا ساتۇقخان موغۇلىستاندا تۇرالماي قەشقەرگە باردى. قەشقەردە ئەمىر خۇدايداد نەۋرىلىرىدىن قارا قۇل ئەھمەد مىرزا ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ساتۇقخاننى يوشۇرۇن تۇتۇپ ئۆلتۈردى. پات پۈرسەتتە مىرزا ئۇلۇغبەگ لەشكەر ئەۋەتىپ قارا قۇل ئەھمەد مىرزىنى تۇتۇپ، سەمەرقەندكە ئېلىپ بېرىپ، ئىككى پارچە قىلدى.

## سۇلتان ئۇۋەيسخان شەھىد بولغاندىن كېيىن ئىرازان پاراكەندىچىلىكنىڭ بايانى

سۇلتان ئۇۋەيسخان شەھىد بولدى. موغۇل ئۇلۇسىغا قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقىمسىزلىق يۈزلەندى. قارا قۇل ئەھمەد مىرزا ساتۇقخاننى قەتلى قىلغاندىن كېيىن، موغۇل ئەھلىگە خېلى تەسەللى ھاسىل بولغانىدى. لېكىن، ئۇۋەيسخاندىن ئىككى پەرزەنت قالغان بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى يۇنۇسخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئىسانبۇغاخان ئىدى. ئۇ پەرزەنتلەر ئىچىدە يۇنۇسخان چوڭى بولۇپ، شۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. ئەمىرلەر ئارىسىدا مۇنداق ئىختىلاپ پەيدا بولدى. بايرىنلاردىن ئىرازان ئاتلىق بايرىن ۋە مىرەك تۇرۇكمەندىن ئىبارەت ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار ئەمىر خۇدايدادنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئىدى. ئەمىر خۇدايدادتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مىر مۇھەممەد شاھنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. ئۇۋەيسخان شەھىد بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە مىر مۇھەممەد شاھتىن ئايرىلىپ، يۇنۇسخانغا قوشۇلدى ۋە پىتنە – پاسات پەيدا قىلدى. يەنە باشقا خالايىقلاردىنمۇ يۇنۇسخانغا قوشۇلغانلار ناھايىتى تولا ئىدى. ئەمما ئەمىرلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئىسانبۇغاخان تەرەپتە تۇردى. شۇ سەۋەبتىن موغۇل خەلقى

موغۇلىستاندا تۇرالمىدى. شۇڭا، ئىرازان ۋە مىرەك تۇرۇكمەن قاتارلىقلار يۇنۇسخاننى ئېلىپ، ئوتتۇز مىڭ ئۆيلۈك موغۇلنى باشلاپ سەمەرقەندكە يۈزلەندى. ئىسانبۇغاخان باشلىق قالغان ئەمىرلەر موغۇلىستاندا قالدى.

## يۇنۇسخان بىلەن ئىرازاننىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھوزۇرىغا بارغانلىقى

ئىرازان بايرىن بىلەن مىرەك تۇرۇكمەننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. ئۇلۇغبەگ سەمەرقەندتىن ئۆزبېك بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە موغۇل خەلقىگە تەمىنات بېرىشكە ۋەدە بېرىپ مۇنداق دېدى: «ھەر ئۆيلۈك كىشى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېتىنى يازدۇرسۇن. شۇندىن كېيىن ھەر ئۆيلۈك كىشىگە ئالاھىدە تەمىنات بەيىن قىلغايمىز. تەمىنات ئۈمىدىدە موغۇل خەلقى بىر ئۆيلۈك - بىر ئۆيلۈكتىن ئايرىلىپ شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى. بۇ دەرۋازىدىن كىرىپ يەنە بىر دەرۋازىدىن چىقاتتى. چىقىدىغان دەرۋازىنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئادەم تەق بولۇپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار ئۆي ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئاياللىنى ئەسىر قىلاتتى. موغۇللاردىن قەلئەگە كىرگەنلەرنىڭ ھېچبىر خەۋىرى مەلۇم بولماس ئىدى. شۇنداق قىلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ يوسۇندا بۇ ئىشنى نەچچە كۈندە تاماملىدى. يۇنۇسخاننى ئولجا - غەنىيمەت قاتارىدا ئاتىسى مىرزا شاھرۇخقا سوۋغات ھۆكمى بىلەن ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا خان ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. يۇنۇسخاننى شاھرۇخنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. مىرزا شاھرۇخ ئوغلى ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ يۇنۇسخاننى ئەسىر قىلغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، بۇ ئىشنى خاتاغا ھۆكۈم قىلدى. شۇڭا شاھرۇخ مىرزا خاننى ئەسىرلەر قاتارىدىن چىقىرىپ، ئۇنى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ئەزىزلىدى. خاننى پەرزەنتلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە پەزىلەت ۋە كامالەت ھاسىل قىلسۇن دېگەن نىيەتتە، ئۇنى مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيىسىگە ھاۋالە قىلدى. مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ يۇنۇسخاننىڭ ئىسمىغا يازغان مۇئەممالىرى ناھايىتى تولىدۇر. خاننىڭ ئېيتىغا ئېيتقان شېئىرلىرى ۋە قەسىدىلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇندۇر. بۇ مەتلەئ شۇلار جۈملىسىدىندۇر. نەزم:

ئەيكى مىگۇيىكى، ئەز مۇلكى خىتا خان ئامەدەست،
خانىمانەت باد ۋەيران، خان مەگۇ، جان ئامەدەست.

تەرجىمىسى، نەزم:

ئەيكى ئايتۇرسەن بۇدەم مۇلكى خىتادىن كەلدى خان.
خانىمانىڭ بولسۇ ۋەيران، خان دېمەكىم، كەلدى جان.

شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخان ئون ئىككى يىل مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە پەزىلەت ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كامالەت ھاسىل قىلدى. تاكى مەۋلانا ۋاپات بولغىچە، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاندىن يەزىتتىن ئىراق، ئەرەب ۋە پارس تەرەپلەرگە سەپەر قىلدى. خان تاكى يىگىرمە تۆت ياشقا يەتكىچە مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

قىرىق بىر ياشتا موغۇلىستاندا پادىشاھ بولدى. بۇنىڭ بايانى خۇدا خالىسا تۆۋەندە زىكر قىلىنغۇسىدۇر.

## ئىسانبۇغاخان ئىبنى ئۇۋەيسخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى

يۇنۇسخاننى ئىرازان، مىرەك تۈرۈكمەن قاتارلىقلار سەمەرقەندكە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل موغۇلىستان ئىسانبۇغاخانغا تەۋە بولدى. ھەممە ئەمىرلەر ئىسانبۇغاخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. شۇڭا، ئىسانبۇغاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى تازا راۋاج تاپتى. خاننىڭ زۆرۈر خىزمەتلىرىدە ئەمىر سەيد ئەلى ناھايىتى كۆپ ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى. خان تەختتە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئەمىر سەيد ئەلى قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن خاندىن رۇخسەت سورىدى. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوجا شەرىپ قەشقىرى قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەۋە قىلىپ بەرگەندە ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئاتىسى مىر سەيد ئەھمەد قەشقەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ سۇلتان مەلىك دوغلاتنى قەشقەر ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئاندىن كېيىن پىر ھاجى مۇھەممەد شايەستە ئاتلىق بىر كىشىنى قەشقەر ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىر مۇھەممەد بارلاسنى ئەۋەتكەنىدى. ئەمىر سەيد ئەلى ئىسانبۇغاخانغا ئەرز قىلىپ: «مۇشۇ كۈنلەردە پۇرسەت غەنىيمەتتۇر. قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، قولىمىزدىن كېتىپ قالغىنىغا ئون تۆت يىل بولغان ئاتا ـ بوۋامنىڭ بۇ تەختىگاھىنى بىر ئاماللار بىلەن قايتۇرۇۋالغايمەن. چۈنكى، بۇ قەدىمىي يۇرت تەۋەلىكىمىزدىن مۇنداق چىقىپ كەتسە، بىز ئۈچۈن ناھەقچىلىق ۋە ئار ـ نومۇس بولغۇسىدۇر» دېدى. ئىسانبۇغاخان ئەمىر سەيد ئەلىگە ئىجازەت بەردى.

## ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى

ئاشۇ كۈنلەردە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ماڭلاي سۆيەنىڭ كۆپ قىسمى دوغلاتلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. شۇ جۈملىدىن قەشقەر بىلەن ئەندىجانلار سەمەرقەند دىۋان مەھكىمىسىگە تەۋە بولغانىدى. ئىسسىق كۆل چېگرىلىرى زامان ئىنقىلابلىرى بىلەن ۋەيران بولغانىدى. قالغان كۆپ قىسىم جايلار يەنىلا دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئاقسۇ، كۇچار، باي دىيارلىرىدا ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوغلانلىرى بار ئىدى. ئەمىر سەيد ئەلى ئاقسۇغا كەلدى. ئەھلى ئايالىنى ئاقسۇدا قويۇپ، ئۆزى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. بۇ توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان رىۋايەتلەر بار. ئەمىر سەيد ئەلى ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن ئايالى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئاقسۇدا قويۇپ، ئۆزى قەشقەرگە يۈزلەندى. بۇ چاغدا ئەمىر سەيد ئەلى بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئادىل مۇئمىن مىرزا ۋە سەيد مەھمۇد مىرزا قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ ـ ماجىرالار يۈز بەردى. ئاخىرىدا ئەمىر سەيد ئەلى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەڭدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەرمۇ كۆپ خىل. شۇ سەۋەبتىن بۇ رىۋايەتلەر بايان قىلىنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئەمىر سەيد ئەلى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يەڭدى ۋە يەتتە مىڭ كىشى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قەشقەر

چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەردىن ھاجى مۇھەممەد شايەستە ئاتلىق ۋە پىيادىلەردىن ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يولغا چىقىپ، قەشقەردىن ئۈچ پەرسەڭ يىراقلىقتىكى ئۆچ بارخان دېگەن جايغا كېلىپ تاقابىل بولدى. ئەمما، ھاجى مۇھەممەد شايەستە ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. موغۇل چاغاتايىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما موغۇل ئۇنىڭغا ھېچ بىر زەربە يەتكۈزمەستىن تۇرۇپ، پۈتۈن ئەسلىھەلىرىنى تاشلاپ بەردى ۋە نالە ـ زار قىلغىلى تۇردى. شۇ سەۋەبتىن بۇ جەڭگە «سالاي بېگىم» دەپ نام قويدى. بۇ دېگىنى «ئېگىنىمنى سالاي بېگىم» دەپ يالۋۇردى دېگەنلىك ئىدى. سالاي بېگىم جېڭى ئاشۇ چېگرادىكى مەشھۇر جەڭلەردىن بىرى بولۇپ، قەشقەر خەلقى ئۈچۈن بىر تارىخ بولدى. قېچىپ كەلگەنلەر قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋالدى. ئەمىر سەيد ئەلى قەلئەنىڭ سىرتىدا قولىدىن كەلگىنىچە بۇلان ـ تالان قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. كېلەركى يىلىدا زىرائەت باش تارتقاندىن كېيىن يەنە كەلدى. بۇ نۆۋەت ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ مۇقابىلىسىگە ھېچكىم چىقالمىدى. ھاجى مۇھەممەد شايەستە قەلئەگە بېكىنىۋالدى. ئەمىر سەيد ئەلى قەلئەنىڭ سىرتىنى يەنە بۇلان ـ تالان قىلىپ قەشقەر تەۋەسىدىكى قەلئەلەردىن ئالاكۇ ئاتلىق مەھكەم بىر قەلئەنى قانلىق جەڭلەردىن كېيىن ئالدى ۋە قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ياندى.

خوجا شەرىپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى، بىر كۈنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭدىن «قەشقەردە ھېز تولا دەيدۇ، راستمۇ؟» دەپ سورىدى. خوجا شەرىپ جاۋاب بېرىپ: «قەشقەرگە چاغاتاي كەلگەندىن بۇيان، ھېز تولا بولۇپ قالدى» دېدى ۋە خوجا شەرىپ ئۇلۇغبەگكە قاتتىق تەلەپ قويۇپ پىر مۇھەممەت بارلاسنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلۇغبەگ ھاجى مۇھەممەت شايەستىنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كەتتى. پىر مۇھەممەد بارلاس قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قەشقەر خەلقى ئۇنىڭغا پىر مۇھەممەد يېگى، دەپ لەقەم قويدى ۋە ئۇنى ھېچبىر ھېسابقا ئالمىدى. خوجا شەرىپ چاغاتايلاردىن نائۈمىد بولدى. شۇڭا ئۈچىنچى يىلى ئەمىر سەيد ئەلى قەشقەرگە يەنە كەلگەندە قەشقەرنىڭ كاتتىلىرى خوجا شەرىپكە غەلۋە ـ غوغا قىلىشقا باشلىدى: «ئىككى يىلدىن بېرى زىرائەتلىرىمىز زايا بولدى. يەنە بۇ يىل زايا بولىدىغان بولسا، ئاچارچىلىقتا قالىمىز» دېيىشتى. ئەمىر سەيد ئەلى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى پىر مۇھەممەد بارلاسنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ چىقتى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ھايات لىباسىنى يىرتتى. ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، ئادالەت بىلەن ئىش تۇتۇپ، پۇقرالارغا مۇرۇۋۋەت ۋە زالىملارغا سىياسەت قىلىپ، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا يىگىرمە تۆت يىل ھۆكۈمەت تۇتتى. مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، تاكى مۇشۇ دەمگىچە كىشىلەر ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ. ئەمىر سەيد ئەلى بۇ مۇددەت ئىچىدە مال ـ مۈلۈك، زىرائەت ۋە چارۋىلارنى شۇ قەدەر كۆپ توپلىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز قالغان بولۇپ، مىراسىنى تەقسىم قىلغان ۋاقتىدا بىر ئوغۇل، يەنى پېقىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە بىر يۈز ئاتمىش «مىڭ»[1] قوي مىراس تەگكەنىدى.

خوجا پەخرىددىن ئارتۇشى بولسا تىجارەتچى، تەقۋادار ۋە توغرا سۆزلۈك كىشى ئىدى. پېقىر ئۇنىڭدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم، ئەمىر سەيد ئەلى زىمىستاندا ئۈچ ئاي شىكار قىلاتتى. بۇ شىكاردا ھېچ كىشىگە ئۇنىڭ سىپاھلىرىدىن زىيان ۋە مۇشەققەت يەتمەيتتى. چۈنكى، ھەممە

---

① موللا نىياز تەرجىمىسىنىڭ قوليازمىسىدا «بىر يۈز ئاتمىش قوي» دەپ يېزىلىپ قالغان، پارسچە نۇسخا ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىگە ئاساسەن توغرىلاندى.

www.uyghurkitap.com

لازىمەتلىكلەرنى ۋە قونالغۇنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە شىكارغا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوزۇقلۇقى، گۆشلىرى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ئوردىسىدىن بېرەتتى. ھەر كىشىگە قانچىلىك كېتىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويغانىدى. بەزى كۈنلىرىدە 500 قوي، بەزى كۈنلىرىدە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپرەك سەرپ بولاتتى. ھەر بىر كىشىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ ئۇن، قوي ۋە ئارپا قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تارقىتاتتى. بەزى يىللىرىدا ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن شىكارغا چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايلىق تەمىناتىنى ئەمىر ئوردىسىدىن بېرەتتى. شىكارگاھ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ئەمىرنىڭ شىكارغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. چۈنكى، ئاشۇ ئوزۇقلاردىن ئاشقىنىنى باشقىلارغىمۇ بېرەتتى.

خوجا پەخرىددىن يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «بىر قېتىم ئەمىر سەيد ئەلى بىزنىڭ ئارتۇشقا كېلىپ چۈشتى. شىكار ئەمىرى ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ يەيدىغان مەخسۇس ئۈنلىرىدىن نان پىشۇرغۇزاتتى. ئۇ بىر ئاجىز ئايالغا ئالتە ناندىن بىر نان ئىش ھەققى بېرىش ۋەدىسى بىلەن نان پىشۇرغۇزۇپتۇ. كېيىن ئۇ ئايالغا: ‹ئۇن، ئوتۇن، تۇز، ياغ ھەممىسىنى بەردىم، پىشۇرۇپ بەرگەن چاغلىق خىزمەتنى ئىش ھەققى ئالماي قىلىشىڭ لازىم ئەمەسمۇ؟›، دەپ ئۇ بىچارە ئايالغا نان بەرمەپتۇ. ئۇ كۈنى كەچ ئەمىر سەيد ئەلى شىكاردىن يېنىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇ زەئىپ ئايال ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەمىر سەيد ئەلى شىكار ئەمىرىنى قىچقىرىپ سورىغانىدى، شىكار ئەمىرىمۇ ئايالنىڭ ئەجرىنى بەرمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئەمىر سەيد ئەلى: ‹ناننى ئۆزۈڭ پىشۇرماي، بۇ ئاجىز مەزلۇمگە زۇلۇم قىلىپ پىشۇرغۇزدىڭمۇ›، دەپ ئۆزى شۇ يەردە توختاپ تۇرۇپ، تۆمۈرچىنىڭ دۆكىنىدىن ئامبۇر ئالدۇرۇپ كېلىپ، شىكار ئەمىرىنىڭ ئېزىق چىشىنى تارتقۇزۇپ، بېشىغا قاقتۇرۇپ قويدى». دېمەك، ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئادالىتى ۋە سىياستى شۇ دەرىجىدە ئىدى. ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ بىنا قىلغان خەير ـ ئېھسان تارقىتىش ئىمارەتلىرى تاكى مۇشۇ كۈنگىچە قەشقەردە بار. بۇ يىگىرمە تۆت يىل ئىچىدە كۆپ ۋەقەلەر بولۇپتۇ. بۇلار كېيىن ئەھۋالغا قاراپ، كەڭ ۋە ساغلام رىۋايەتلەر بىلەن شەرھلەپ بايان قىلىنغۇسى.

## ئىسانبۇغاخانغا ئەمىرلىرىنىڭ قارشى چىققانلىقى ۋە شۇندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

يۇنۇسخان سەمەرقەندكە كەتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ئىسانبۇغاخانغا ئىتائەت قىلدى. پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇنىڭغا بويسۇندى. بىر قانچە يىل شۇ يوسۇندا ئۆتتى. ئىسانبۇغاخان ياش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان قەبىلىسىدىن تېمۇر ئاتلىق بىر كىشىنى ئۆزىگە ئورۇن باسارلىققا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەربىيە ۋە ھېسداشلىقىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمىرلەر تېمۇرنىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغ مەرتىۋىگە چىقىۋالغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىرىنىڭ قالمىغانلىقىغا تاقەت قىلالمىدى. بىر كۈنى خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئەمىرلەر ھۇجۇم قىلىپ تېمۇرنى پارە ـ پارە قىلدى. ئاندىن بىراقلا بۆلۈنۈپ كەتتى. خان بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى. شۇڭا ئوردىدا تۇرالماي قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر قەشقەردىكى ئەمىر سەيد ئەلىگە ئاڭلاندى. ئەمىر سەيدئەلى خاننى ئىزدەپ موغۇلىستانغا بېرىپ، خاننى ئاقىقياس دېگەن جايدىن تاپتى ۋە بىرنەچچە كىشى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئاقسۇنى خانغا بويسۇندۇردى. لېكىن موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.

مىر مۇھەممەد شاھ ئاتاباشى دېگەن جايدا تۇراتتى. خان بىلەن بۇلار ئوتتۇرىسىدا خەت ـ چەك ۋە ئەھدۇ ـ پەيمانلار تولا ئۆتكەندىن كېيىن، قىرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاقسۇغا ـــ خاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى. شۇندىن كېيىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەزىز ۋە مۆھتىرەم بولۇپ ئۆتتى. يەنە مىر كەرىمبەردى دېگەن كىشىمۇ دوغلات ئەمىرلىرىدىن ئىدى. موغۇلىستان چېگرىسىدىكى ئەندىجان ۋە پەرغانىدىكى ئالابۇغا دېگەن جايدا بىر ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قەلئە تەييارلاپ شۇ يەردە ئورۇنلاشقانىدى.

بۇ قەلئەنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار. مىر كەرىمبەردى ئۇ يەردىن ئەندىجان ۋە پەرغانە تەرەپلىرىگە بېرىپ مۇسۇلمانلارنى بۇلان ـ تالان قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. مىر ھەقبەردى كىچىك بەگلەردىن ئىدى. ئۇ قالماقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ، ئىسسىق كۆلدىكى قويسوي ئاتلىق جايدا پەيپەك جەزىرىسىگە قەلئە سالدى ۋە ئەھلى ئايالىنى شۇ جايدا قويۇپ، ئۆزى تۈركىستان ۋە سايرامنى ۋەيران قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. جوراس، بايرىن، قومى ئەمىرلىرى ئىسان تايشىنىڭ قېشىغا، يەنى قالماقلار يۇرتىغا كەتتى. قالۇچى ۋە يالغاچى باشلىق نەچچە قەبىلە ئەبۇلخەيرخاننىڭ ھۇزۇرىغا ـــ ئۆزبېكىستانغا كەتتى. كۆنچـــى ئەمىرلىرى بىلەن بىرنەچچە جامائەت موغۇلىستان سەھرالىرىدا بۆلۈنمە ھالەتتە يۈرۈۋاتاتتى.

بۇ ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا تەپرىقىلىك باش كۆتۈرگەنىدى. ئىسانبۇغاخان ئاقسۇدا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مىر مۇھەممەد شاھ ئاقسۇغا كەلدى. ئاندىن كېيىن، خالايىق يەنە خانغا ئىتائەت قىلىشقا باشلىدى. خانمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان مۇئامىلىسىگە پۇشايمان قىلىپ، خالايىققا ياخشىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىدىن كۈچەيدى. تۇنجى قېتىمدا سايرام، تۈركىستان ۋە تاشكەنتنى بىراقلا چاپقۇن قىلىپ، ۋەيران قىلىپ ياندى. بۇ ۋەقە تارىخنىڭ 855 (مىلادىيە 1451) ـ يىلىدىن ئىلگىرى بولغانىدى. ئىككىنچى نۆۋەت يەنە شۇ يوسۇن بىلەن يۇقىرىقى ۋىلايەتلەر ئۈستىگە باردى. بۇ زاماندا ماۋەرائۇننەھردە سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا پادىشاھ ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان «يېغى» دېگەن جايدا خانغا يېتىشتى. ئەمما خان ھېچبىر سەۋەبسىز، جەڭ قىلماستىنلا قاچتى. سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزىمۇ شۇ يەردىن ياندى. سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا خوراسانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسانبۇغاخان ئەندىجانغا كەلدى. ئەندىجاندا مىرزا ئەبۇ سەيد تەرىپىدە تۇرىدىغان مىرزا ئەلى كىچىك ئاتلىق بىر ئەمىر بار ئىدى. ئۇ ئەندىجان قەلئەسىنى مەھكەم ساقلىدى. خاننىڭ لەشكىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، پۈتكۈل ئەندىجان قەلئەسىنى ئۈچ قاتار ئايلاندۇرۇپ مۇھاسىرە قىلدى. ھەر تەرەپتىن لەخمە كولاپ تاشقىرىقى قەلئەنى ئالدى. مىرزا ئەلى كىچىك ئەرىكتە قالدى. ئاخىر ئۇلار سۈلھى تەلەپ قىلىپ، نۇرغۇن سوغا ـ سالام بىلەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان پۈتكۈل ئەندىجان خەلقىنى ئەسىر قىلىپ ياندى. تاكى مۇشۇ زامانغىچە شۇ ئەسىر بولغانلاردىن قەشقەر ۋە موغۇلىستاندا تولا.

سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئەمما ئىسانبۇغاخاننى يوقىتىشقا ئاجىز كەلدى. چۈنكى، ئەبۇ سەيد مىرزا ئەگەر موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلسا، ئىسانبۇغاخان موغۇلىستاننىڭ يىراق چېگرالىرىغا كېتەتتى. سەمەرقەند لەشكەرلىرىنىڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا يانسا ئىسانبۇغاخانمۇ يېنىپ كېلەتتى. ئەبۇ سەيد مىرزا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئەمىرلەردىن قويۇشقا مۇيەسسەر بولالمايتتى. چۈنكى، ئىسانبۇغاخاننىڭ كۈچى ۋە لەشكەرلىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەبۇ سەيد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزىنىڭ ئىراققا لەشكەر تارتىش مۇددىئاسى بار ئىدى. لېكىن،

www.uyghurkitap.com

ئىسانبۇغاخاننىڭ زىيان ـ زەخمەت سېلىشىدىن قورقۇپ ئىراق تەرەپكە بارالمايۋاتاتتى. شۇڭا، ئىراققا كىشى ئەۋەتىپ، يۇنۇسخاننى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ ۋەقەسى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. يۇنۇسخان ئىسانبۇغاخاننىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئىراق زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. دېمەك، سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا يۇنۇسخاننى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ غەرىزى شۇ ئىدىكى، ئىككى قېرىنداش بىر ـ بىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا مەشغۇل بولسا، سۇلتان ئەبۇ سەيدنىڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرىلىرى تىنچ بولاتتى.

ئىسانبۇغاخاننىڭ ھۇزۇرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان موغۇل ئەمىرلىرى ھەرقايسىسى بىردىن قەلئەگە بېكىنىۋېلىپ، ئىسانبۇغاخانغا تولۇق ئىتائەت قىلمايتتى. ئىسانبۇغاخانمۇ ئۇلارغا چېقىلمايتتى. بەلكىم يەنە ماڭا ئىتائەت قىلىپ قالار دەپ ئۈمىد قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ئەبۇلخەيرخان دەشتى قىپچاقنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، جۇجى نەسلىدىن بولغان سۇلتانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. جانىبېكخان ۋە كىرەيخان ئۇنىڭدىن قېچىپ موغۇلىستانغا كەلدى. ئىسانبۇغاخان ئۇلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى ۋە موغۇلىستاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى جۇ يۇز باشى تەرەپنى ئۇلارغا بەردى. ئۇلار ئۇ يەردە ئۆز ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزبېك ئۇلۇسى ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە نىزالار تولا يۈز بەردى. ئۇلاردىن كۆپ قىسمى جانىبېكخان ۋە كىرەيخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆپىيىپ، سانى ئىككى يۈز مىڭ كىشىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى ئۆزبېك، قازاق دەپ ئاتالدى.

قازاق سۇلتانلىرىنىڭ دەسلەپكى دۆلەت قۇرغان ۋاقتى ئېھتىمال تارىخقا 770 (مىلادىيە 1368 ــ 1369) ـ يىلى ئىدى (تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). تاكى 940 (مىلادىيە 1533 ــ 1534) ـ يىلغىچە قازاقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈلدى. كۆپىنچىسى ئۆزبېكىستاندا. كىرەيخاندىن كېيىن بۇرانداۇقخان بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جانىبېك خاننىڭ ئوغلى قاسىمخان بار ئىدى. قاسىمخان دەشتى قىپچاقنى شۇ قەدەر مۇستەھكەم تۇتتىكى، لەشكەرلىرىنىڭ تولۇلىقى مىڭ مىڭ (بىر مىليون) دىن كۆپ ئىدى. ئېھتىمال جۇجىخاندىن كېيىن ئۇ يۇرتتا قاسىمخاندىن ئۇلۇغراق خان بولمىدى بولغاي. قاسىمخاندىن كېيىن ئوغلى مىماشخان خان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى تاھىرخان خان بولدى. ئەمما يالاشخاننىڭ زامانىدا قازاق ۋەيران بولدى. تاھىرخاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى تاھىرخان خان بولدى. بۇنىڭ زامانىدا قازاق يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن قالغانىدى. تارىخقا 940 (مىلادىيە 1533 ـ 1534) ـ يىلدىن كېيىن ئۇمۇ قالمىدى. قازاق پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. جۇملىدىن ئىسانبۇغاخاننىڭ شۇ ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ تاكى رەشىدخاننىڭ زامانىغىچە موغۇل بىلەن قازاقنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بار ئىدى. ئەمما رەشىدخان بۇ دوستلۇق ئالاقىسىنى ئۈزدى. خۇدا خالىسا بۇ ئەھۋال رەشىدخان ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

## يۇنۇسخاننىڭ دەسلەپكى خانلىققا ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى

سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا ئىبن سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئىبن مىرانشاھ ئىبن ئەمىر تېمۇر ئۆز ئاكىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، سەمەرقەندنى ئەبدۇللا مىرزىدىن

ئالدى ۋە مىرزا بابىر قەلەندەر ئىبن مىرزا بايسۇنغۇر ئىبن مىرزا شاھرۇخ مىرزا ئىبن ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇراساننىمۇ ئىلكىگە ئالدى. شۇ قەدەر يۇقىرى شان ـ شەۋكەتلىك پادىشاھ بولدىكى، ئەمىر تېمۇر نەسلىدىن ئۇنىڭدەك كۆپ يەرلەرنى ئىشغال قىلغان پادىشاھ ئۆتمەپتۇ. ئۇ خۇراساننى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ھىممىتىنى ئىراقنى قولغا كىرگۈزۈشكە سەرپ قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئىسانبۇغاخاننىڭ تەئەررۇزىدىن قورقۇپ، ئىراققا يۈرۈش قىلالمىدى. شۇڭا ئىراققا كىشى ئەۋەتىپ يۇنۇسخاننى ئالدۇرۇپ كەلدى. خۇراساننىڭ كۇشەكى باغى زاغان دېگەن يېرىدە سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا يۇنۇسخان بىلەن بىر تەختتە ئولتۇرۇپ، خانغا شاھانە توي ـ تاماشا قىلىپ بەردى ۋە بىر نەچچە ئىش توغرىسىدا ۋەدە ۋە شەرتلەر بىلەن قارار قىلىشتى. ئۇلاردىن بىرى شۇكى، سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا خانغا مۇنداق دېدى: «ئەمىر تېمۇر كۆرەگان دەسلەپكى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت گەردىنىنى تولۇق سۇنمىدى. كۆپ سانلىق كىشىنى شۇ سەۋەبتىن قەتلى قىلسا، ئۇنىڭغا ئەيىب بولاتتى. ئەمىرلەر: ‹بىر خاننى تىكلەيلى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلايلى›، دېيىشتى. شۇڭا، ئەمىر تېمۇر سۇيۇرغانمىشخاننى ساقلايتتى ۋە خانلىق پەرمان، تۇركىي نىشانلارنى ئۇنىڭ ئېتىدا پۈتەتتى. ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى خانغا ئىتائەت قىلاتتى. سۇيۇرغانمىشخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەھمۇد سۇلتاننى ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەسىرلىك دەۋرىگىچە بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما خان ئۇچۇن بۇ بىر ئىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئاخىرقى چاغلاردا خان كۆپىنچە سەمەرقەندتە تۇتقۇن ھالەتتە ئىدى. ھازىر پادىشاھلىق نۆۋىتى ماڭا يەتتى. مېنىڭ بۈيۈك ئىستىقلالىيىتىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھېچقانداق خانغا ئېھتىياجىم قالمىدى. ھازىر مەن سىزنى پېقىرلىق لىباسىدىن ئاجراتتىم. ئۈستىۋېشىڭىزغا شاھانە خىلئەتلەرنى كىيدۈردۈم ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلى يۇرتىغا ئەۋەتمەكچىمەن. بۇنىڭدىكى شەرت شۇكى، مۇندىن كېيىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ يولىنى تۇتمىغايسىز. چۈنكى ئۆتكەن خانلارنىڭ ھەممىسى: ‹ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىزنىڭ نۆكەرلىرىمىزدۇر› دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئەمدى ئۇ دەۋانى تاشلىغايسىز. گەرچە قەدىمدە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇ مەرتىۋە قالماپتۇ. ھازىر مەن ئۆز ئالدىمغا پادىشاھدۇرمەن. ئۆزگىلەرنىڭ مېنى نۆكىرىم دېيىش ئېھتىمالى يوقتۇر. شۇڭا، خوجايىن ۋە خادىم دېگەندەك ئاتاقلارنى تاشلىغايسىزلەر. دوستلۇق ئاتىقى بىلەن ئاتىغايسىزلەر ۋە پادىشاھلىق يوسۇنى بىلەن تېمۇري نەسەبلىك ئەمىرزادىلەرگە دەپ خەت بەرگەيسىزلەر. بەلكى دوستلار قاتارىدا ئالاقە ئەۋەتكەيسىزلەر. بۇندىن كېيىنمۇ پۈتكۈل ئەۋلادلىرىمىز بۇ قائىدىنى تاشلىمىغاي». شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇشۇ مەزمۇندىكى بىرقانچە سۆزگە قارار قىلىشتى. يۇنۇسخانمۇ سۇلتان ئەبۇ سەيدنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ۋەدىلەرنى قاتمۇقات قەسەملەر بىلەن تەكىتلەشتى. سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا خانغا رۇخسەت بەردى ۋە ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى بارلىق موغۇللارنىڭ ھەممىسىنى خانغا قوشۇپ بەردى.

## يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالاتىنىڭ تەپسىلىي بايانى

يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى. تەپسىلاتى شۇكى: يۇنۇسخان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇۋەيسخان شىرئەلىخاننىڭ ئوغلى. شىرئەلى ئوغلان مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى. مۇھەممەدخان خىزىرخوجاخاننىڭ ئوغلى. خىزىرخوجاخان بولسا

www.uyghurkitap.com

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلىدۇر. گەرچە يۇنۇسخاننىڭ تۇغۇلغان تارىخى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ۋاپات بولغان تارىخى ۋە ھاياتلىق كۈنلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يۇنۇسخاننىڭ تارىخنىڭ 819 (مىلادىيە 1416 ـــ 1417) ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىققا يۇنۇسخان ئولتۇرغانىدى. لېكىن، ئىنىسى ئېسانبۇغاخان ۋە ئەمىرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. شۇڭا، سەردارلىرى ئىرازان ۋە مىرەك تۈرۈكمەن قاتارلىقلار خانىي پۈتكۈل باشباشتاق موغۇللار بىلەن سەمەرقەندكە ئېلىپ باردى. ئۇ ۋاقىتتا يۇنۇسخان ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. موغۇللارنىڭ بۇ بۆلۈنۈشى شۇ موغۇللار ئارىسىدا بىر تارىخ بولدى. تا بۈگۈنگىچە ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تارىخ تۇتۇشىدۇ. ئۇ مەزگىل ھىجرىيە تارىخنىڭ 832 (مىلادىيە 1428 ـــ 1429) ـ يىلى ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ خانىي ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. مىرزا شاھرۇخ خانغا تەربىيەت ۋە مەرھەمەتلەر قىلىپ، مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيىسىگە ھاۋالە قىلدى. مۇئەمما ئىلمىدە مەۋلانا شەرەپىددىنگە باراۋەر كەلگۈدەك كىشى يوق ئىدى. قەدىمدە مۇئەمما باشقا يوسۇندا ئىدى. ھازىر مۇئەمما خەلق ئارىسىدا تونۇلۇپ كەتتى. مەۋلانا شەرەپىددىننىڭ دىۋانىمۇ بار ۋە مۇئەمما پېنىدە تەسنىپ قىلغان كىتابىمۇ بار. «زەفەرنامە» مۇ مەۋلانانىڭ تەسنىپاتىدىندۇر. تەسەۋۋۇپ تىلى بىلەن «قەسىدەئى بۇردە» نى شەرھىلەپتۇ. ئېھتىمال بۇ قەسىدىنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن ياخشىراق شەرھىلىيەلمىگەن بولغىيدى. مەۋلانانىڭ يازغان باشقا كىتابلىرىمۇ كۆپ. تەپسىلىي بايان قىلىنسا سۆز ئۇزىرايدۇ. دېمەك، مەۋلانا ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كامالەت ئىگىسى ئىدى. خان ئون ئىككى يىل مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە ئىلىم ۋە پەزىلەت ئۆگەندى. شۇ قەدەر كۆپ پەزىلەت ھاسىل قىلدىكى، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى موغۇل خانلىرى ئارىسىدا يۇنۇسخاندەك پەزىلەتلىك پادىشاھ ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ. مەۋلانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خان يەزدتىن پارس ۋە ئەزەربەيجان تەرەپكە بېرىپتۇ. ياخشىلىق بىلەن سەپەر قىلىپ كۆپىنچە ئۆز كەسپى بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ. شىرازدا ۋەتەن تۇتۇپ، شىراز ئالىملىرىنىڭ مەجلىسلىرىگە بېرىپ، ئۇلاردىنمۇ پەزىلەت ئىگىلەپتۇ. ۋە بارلىق ھۈنەر ـ كەسىپلەردە تەل ـ تۆكۈس ماھارەت ھاسىل قىلىپتۇ. شۇڭا شىرازدا «ئۇستاز يۇنۇس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ. شۇ ئەسنادا سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزا خۇراسانىي ئىشغال قىلىپ، ئاندىن ئىراققا لەشكەر تارتىش پىكرىگە چۈشۈپتۇ. لېكىن، ئېسانبۇغاخاننىڭ تەئەررۇزى تۈپەيلىدىن، پەرغانە، تاشكەنت ۋە تۈركىستان تەرەپلىرىدە بولۇپ، ئىراققا بارالماس ئىدى. شۇڭا، كىشى ئەۋەتىپ شىرازدىن يۇنۇسخانىي ئېلىپ كېلىپ، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ۋەدە ۋە شەرتلەر بىلەن موغۇلىستان تەرەپلەرگە ئەۋەتتى. بۇ كۈنلەردە خان قىرىق بىر ياشتا بولۇپ، تارىخنىڭ 860 (مىلادىيە 1455 ـــ 1456) ـ يىلى ئىدى.

## يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا كەلگەنلىكى

ئەمىرلەر ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ تېمۇرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئېسانبۇغاخان ئاقسۇغا كەلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا يۇنۇسخان موغۇلىستانغا باردى. ئالدى بىلەن مىر كەرىمبەردىخان بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئاندىن كېيىن، كۆنچى ئەمىرلىرى قوشۇلدى. شۇ چاغدا تۈمەن كۆنچى ئەمىرلىكى ئۇلارغا تەۋە ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقى بار ئىدى. خان ئۇلار ئارىسىدىن ئىسانداۋلەت بېگىم ئاتلىق بىر قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. خان ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنت يۈزى كۆردى. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ زىكرى ئۆز نۆۋىتىدە

باياn قىلىنغۇسى. ئەمىر بەگچەك ئىسسىق كۆلدە ئىدى. ئۇ ئەمىر پىر ھەق بەردى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمىر ئىبراھىمنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇمۇ خانغا ئىتائەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخاننىڭ جامائىتى كۆپەيدى. ئەمما بۇ ئەمىرلەر نەچچە زاماندىن بېرى، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خوجايىن ۋە خىزمەتكارلىق ئەدەپ - قائىدىلىرىگە ئانچە تولۇق رىئايە قىلالمايتتى. خان ھەر ھالدا ئۇلارغا سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە نەچچە مۇددەت ئۆتتى. ئاندىن كېيىن يۇنۇسخان قەشقەرگە يۈزلەندى. ئەمىر سەيد ئەلى بۇ چاغلاردا ناھايىتى قېرىپ كەتكەنىدى. قېرىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، ئاتقا مىنسە راۋۇرۇس ئولتۇرالمايتتى. شۇڭا، ئەمىر سەيد ئەلى قەشقەر قەلئەسىنى چىڭ ساقلاپ، ئىسانبۇغاخانغا كىشى ئەۋەتتى. ئىسانبۇغاخان بۇ ۋاقىتلاردا موغۇلىستاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى يۇلتۇز دېگەن يايلاققا كەتكەنىدى. بۇ خەۋەر ئىسانبۇغاخانغا يەتكەندىن كېيىن، دەرھال لەشكەر توپلاشقا يارلىق چۈشۈردى. بىر نەچچە كۈندىلا ئاتمىش مىڭ كىشى يىغىلدى. ئىسانبۇغاخان يۇلتۇزدىن ئون بەش مىڭ كىشى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. مۇشۇنچىلىك ئادەمدىن ئالتە مىڭ كىشى ئىسانبۇغاخان بىلەن بىللە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يولدا قالدى. ئىسانبۇغاخان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمىر سەيد ئەلىمۇ ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ ئىسانبۇغاخانغا قوشۇلۇپ، قەشقەردىن ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ئۈچ پەرسەڭ يىراقلىقتىكى خانسالار ئاتلىق جايدا قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر غەلىبە ئىسانبۇغاخان بىلەن ئەمىر سەيد ئەلى ‹گە تەۋە بولدى. يۇنۇسخان قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يۇنۇسخاننىڭ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرىمۇ ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ،[1] قولىغا چۈشتى. مىھرىنىگار خېنىم يۇنۇسخاننىڭ ئىساندۆلەت بېگىمدىن بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى ئىدى. بۇ چاغدا تېخى كىچىك ئىدى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇلارغا ئات ۋە ياراغ بېرىپ، يۇنۇسخاننىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ بەردى. يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كەلگەندىن كېيىن پۈتكۈل جامائىتى چېچىلىپ كەتتى. شۇڭا ئۆزى موغۇلىستاندا تۇرالماي، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى موغۇلىستاندا قويۇپ، ئۆزى خۇراسانغا يۈزلىنىپ، سۇلتان ئەبۇ سەيد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. لېكىن خان شۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدىكى، سوۋغات قىلغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. خاننىڭ خىزمىتىدە بۇيانقۇلى ناملىق بىر كىشى بار ئىدى. خان ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ: «مەن سېنى غۇلام دەپ مىرزىغا سوۋغا قىلاي» دېدى. بۇيانقۇلىمۇ رازىلىق بەردى. خان ئۇنى سوۋغا قىلىپ ئەبۇ سەيد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ: «ماڭا ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن، چېگرىلىرىڭىزدا بىرەر ۋىلايەتنى بەرگەيسىز، موغۇل خەلقى يەنە شۇ يەرگە يىغىلغاي» دېدى. ئەبۇ سەيد مىرزا ئەندىجان تەۋەسىدىكى يەتتەكەنت دېگەن جاينى خانغا بەردى. خان قايتىدىغان چاغدا بۇيانقۇلى يىغلىدى. مىرزا ئۇنىڭدىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بۇيانقۇلى ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلدى. مىرزىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئات ۋە ياراغ بېرىپ خانغا قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ خان يەنە موغۇلىستانغا كەلدى. چېچىلىپ كەتكەن خالايىق قايتىدىن يىغىلدى. شۇ ئەسنادا ئەمىر سەيد ئەلى قەشقەردە ۋاپات بولدى. ھازىرمۇ مەقبەرىسى قەشقەردە. ئۇ مەقبەرىدىكى گۈنبەزگە «تارىخقا سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى» دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ئەمىر سەيد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇسۇسەن يۇنۇسخانغا ئازادىلىك يۈزلەندى. بۇ ئىشلار كېيىن بايان قىلىنغۇسىدۇر.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

① تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار پارسچە نۇسخىدىن تولۇقلاندى.

تۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى [1]

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇلۋەھاپ قادىر

## شەيبانىيلار

### ھىجرىيە 916 (مىلادىيە 1510) ـــ ھىجرىيە 1006 (مىلادىيە 1597)

مەرۋى يېنىدىكى دەھشەتلىك پالاكەت خەۋىرى ماۋەرائۇننەھرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەيبانىي ئائىلىسىنىڭ تاۋابىئاتلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى دۈشمەنگە قارشى تۇرغۇدەك ئىقتىدارلىرىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئىككىنچى تەرەپتىن ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان تېمۇرىيلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلىك ۋەزىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرىنچى نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئەسكىري قوشۇنى بىلەن ئامۇ دەريا ئۈستىگە كېلىۋاتقان شاھ ئىسمائىل بىلەن سۈلھى تۈزۈشتىن باشقا ھېچبىر چارە تاپالمىدى. ئۆزبېكلەر ئامۇ دەريانىڭ سول قىرغىقىنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەھدىنامىگە بىنائەن بۇ دەريا قەدىمكى زاماندىكىگە ئوخشاش، ئىران بىلەن تۇران ئارىسىدىكى چېگرا ھېسابلىنىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ سۈلھى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. بۇ ۋاقىتلاردا بابىر مىرزا گەرچە گۈزەل كابىلدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرى ئۇنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ئۆرتىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى دۈشمىنى شايبانىينىڭ ھالاكەت خەۋىرىنى ئالغان ھامان، شاھ ئىسمائىل بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە بوۋىلىرىنىڭ پايتەختىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن تېزلا ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىپ، ھىجرىيە 917 (مىلادىيە 1511) ـ يىلىدا ئىرانلىقلار، قاچقان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، بەدەخشانلىق ۋە ئاۋغانىستانلىق ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن بىلەن ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ، چوڭ قارشىلىق كۆرمەستىنلا سەمەرقەندنى قولغا ئالدى[1] . كۈتۈلمىگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سەۋەبى بابىرنىڭ داھىيلىقىغا قارىغاندا، بەكرەك شەيبانىي ئائىلىسىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىچكى نىزا ۋە ئىختىلاپ بولۇشى مۇمكىن.

شەيبانىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزبېكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد تېمۇر سۇلتانغا بەيئەت قىلدى. چوڭ ۋە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان ۋە قەدىمىي تۇران ئادىتىگە بىنائەن، ئىھتىرام ئۈچۈن پەقەت مويسىپىتلارنىلا لايىق كۆرگەن ئىككىنچى بىر قىسمى بولسا، ئەبۇلخەيرنىڭ ئوغلى ۋە تۈركىستان ئىدارىسى بىلەن تونۇشلۇق بولغان كۆچكۈنچى سۇلتاننى خەلققە يولباشچى قىلىشنى ئىستىدى. ئىرانلىقلار بۇ سۇلتاننى كۆچۈم سۇلتان دەپ ئاتىدى[2] .

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

مۇھەممەد تېمۇر سۇلتان ئاتىسىنىڭ تەختىنى يالغۇز بىر نەچچە كۈن ئىشغال قىلىپ ۋاپات بولدى [3]. ئۇنىڭ ۋاپاتى مەجبۇرىي سۈرەتتە يۈز بەرگەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر ئەمىرلىرى قانداق تەدبىرلەرنى كۆرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قىبرى كۆچكۈنچى سۇلتان ئەتراپىغا توپلاندى ۋە ئۇنى بىردەك شەيبانىينىڭ ئىز باسارى قىلىپ سايلىدى. لېكىن ئۇ ياشانغان ئادەم بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدا ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن يېشى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن باشقا بىر زاتنى تەيىن قىلىشتى. ھەربىي ماھارەت، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە قەھرىمانلىق جەھەتلىرىدە بۇ سۇلالىنىڭ قورغۇچىسىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدىكى بۇ زات، غەربىي خوراساننى ئىشغال قىلغۇچى مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا خان بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ بوۋىلىرىنىڭ ھەربىي سەپەرلىرى ئىچىدە ئۆسكەن ۋە ھېچ شۈبھىسىز ئۆزبېك شاھزادىلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئىستىدادلىقى ئىدى. ئۇبەيدۇللا شەيبانىينىڭ ئىشىنى يېڭىدىن باشلاشقا ھەمدە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا بىرلىك روھى تۇغگەن بىر زاماندا باشلاشقا مەجبۇر ئىدى. خەيرلىك سەپەر ئۈچۈن، ئەۋلىيا شەيخ ئەھمەدتىن دۇئايى پاتىھە ئالغاندىن كېيىن، قەھرىمان ئاتلىق قوشۇنلاردىن بەش مىڭ كىشىلىك بىر پىرقە بىلەن سىر دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە بۇ دەريانىڭ سول ساھىلىدىن چۆل ئارقىلىق ئۆتۈپ شىمال تەرەپتىن بۇخارا خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەننىڭ بۇ تاجاۋۇزى ھەققىدە بابىرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ئوردىگاھى خەير ئابات[4] ئىچىدىكى مەلىك كۆلى يېنىدا بولۇپ، ئالدىن يۈرەرلىرى بۇخارانىڭ نېرىقى تەرىپىدە خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بابىر يەتمىش مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن[5] بىلەن ھەرىكەت قىلغان ۋە ئۇبەيدۇللا ئۆز ئەسكىرىنى بىر يەرگە توپلاش قەستى بىلەن، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇخارالىقلار بۇنى ئۇنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكى دەپ چۈشەنگەن. بۇ خۇش خەۋەر بابىرغا يېتىش بىلەنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي ھەرىكىتىنى تېزلىك بىلەن مەزكۇر مەلىك كۆلى يېنىدا دۈشمەننى جەڭگە تەكلىپ قىلىش بىلەن باشلىدى. ئۇبەيدۇللا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئەمىر شۇجائىددىن ۋە ئورۇس مىرزا قاتارلىقلار ھەربىرى مىڭ كىشىلىكتىن بىر قوشۇن بىلەن بابىر ئوردىسىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى. باشقا ئۆزبېكلەر يەنە ئۆزلىرىگە مەخسۇس يول ۋە بايراقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. گەرچە سانلىرى كۆپ بولمىغان بۇ ھۇجۇمچىلار تېزدىن قورشىۋېلىنغان بولسىمۇ، سانلىرى كۆپ بولغان دۈشمەنلىرى ئۈستىدە شۇ قەدەر زور تەسىر پەيدا قىلدىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور ھاياجان ھاسىل بولدى ۋە تېزدىن ئومۇمىي رەۋىشتە قېچىشقا باشلىدى. بابىر بۇ جەڭگە شەخسەن ئۆزى قاتنىشىپ ھاياتىنى چوڭ تەھلىكىگە قويدى ۋە ئۇبەيدۇللانىڭ بايرىقى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە لەپىلدەشكە باشلىغان ۋاقىتىدىلا قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ بوۋىلىرىنىڭ تەختى ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىچىدە بۇ قېتىمقى جەڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇ سەمەرقەندتە يالغۇز ئۆزىنىڭ خەزىنىسىنى، ئائىلىسىنى ۋە يېقىنلىرىنى يىغىۋالغۇدەك مۇددەتكىچىلا تۇرۇپ، ئاندىن تېزلىك بىلەن ھىسار قەلئەسىگە ئاتلاندى.

بابىرنىڭ ھاكىمىيىتى پەقەت ئالتە ئاي داۋام ئەتتى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ غايەت قىممەتلىك بىلگەن بۇ پايتەختىنى بۇندىن كېيىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش ئۇنىڭغا ھېچ ۋاقىت مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇبەيدۇللا ھېچكىم تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرىماستىنلا ھىجرىيە 918 (مىلادىيە 1512) - يىلى سەمەرقەندكە كىردى. ئۇ يەردە تەختنى ئۆزىنىڭ تاغىسى كۆچكۈنچى سۇلتانغا بەردى. جەڭ ھازىرلىقلىرى تامام بولغانغا قەدەر ئۆزى بۇخارا تەختىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇردى. چۈنكى، بابىرنىڭ جېڭى بىلەنلا ئۆزبېكلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى تېخى تولۇق تەمىنلىنىپ پۈتمىگەنىدى. ئەسلى كۈچلۈك دۈشمەن تولۇق قوراللانغان ھالەتتە ئامۇ دەريانىڭ ئىككىنچى ساھىلىدا ئىدى. ئۇ شەيبانىي ئىز باسارلىرىدىن ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇزاقتىن كۆزىتىپ تۇراتتى.

دەرھەقىقەت، بابىرنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆزبېكلەرنىڭ خۇراسانغا يېقىندىن ھۇجۇم باشلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شاھ ئىسمائىل شۇ ۋىلايەتنىڭ نائىپى نەجمى سانىغا[6] پۈتۈن كۈچى بىلەن بابىرغا ياردەم كۆرسىتىش ئۈچۈن، دەرھال ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئىران ئەسكەرلىرى تېزدىن تىرمىز يېنىدا بابىر بىلەن قوشۇلۇپ، بىرلىكتە قارشىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئالدى. نەجمى سانى شىئەلىككە قارشى بولغانلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ قەدەر شىددەت كۆرسەتتىكى، قارشى شەھىرىنىڭ پۈتۈن ساقچى ئەسكەرلىرىنى ۋە ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلاشقا ئەمىر قىلدى. مەشھۇر شائىر موللا بەنائىمۇ شۇلار ئارىسىدا ئىدى. لېكىن، بۇ ئەھۋال ئالىيجاناپ بابىرغا[7] شۇ قەدەر ناچار تەسىر بەردىكى، ئۇ ماۋەرائۇننەھرنى ئىستىلا قىلىش پىكرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئىران بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى بۇزدى ۋە بۇخارا سەپىرىنى ناھايىتى تېز بېسىپ ئۆتكەن سەپەۋىيلەرنىڭ مەغرۇر گېنېرالىنى يالغۇز تاشلاپ قويدى.

ئارىلىقتا ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ مەغرۇر گېنېرال ئۆزى كەسىپ قىلغاندىكىگە ئوخشاش، ھەقلىق جازاغا دۇچار بولدى. ئۆزبېكلەر ھېچ قارشىلىق قىلمايلا مەملىكەتنىڭ ئىچىگە چېكىنىپ، ئۇنىڭغا قىلتاق قۇردى. قەلئەلەر بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاخىر ئۆزىنىڭ ھارغان ۋە ئاچقان ئەسكەر قوشۇنى بىلەن غىجدۇۋانغا كەلگەن ۋاقىتتا ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ ۋەزىرىنى پۈتۈنلەي پاراكەندە قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆزبېكلەردىن بىرنەچچە سەييارە قوشۇنلا كۇپايە قىلدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە پۈتۈن چوڭ ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن بىللە نەجمى سانى ئۆزىمۇ ھالاك قىلىندى. ئىران تارىخچىسى بۇ ئادەمنىڭ بايلىق ۋە شەۋكىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا ھەر كۈنى يۈز قوي، ھېسابسىز دەرىجىدە كۆپ غاز، توخۇ، ئۆردەك، يۈز پۇتقا قەدەر دارچىن، زەپىران ۋە باشقا شېرىن نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈن ئاشخانا ئەسۋابلىرىنىڭ ئالتۇن بىلەن چىن پار – پۇرلىرىدىن ئىبارەت بولغانلىقىنى نەقىل قىلماقتا.

ھەر نېمە بولسا بولسۇن، ئۆزبېكلەر پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەر قازاندى ۋە بۇ لەشكىرىي سەپەر سايىسىدا خۇراساننىڭ مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىشنى ئۈمىد قىلغان شاھ ئىسمائىل تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە نەتىجىنى كۆردى. چۈنكى، ئۇبەيدۇللا خوجا سۇلتاننىڭ[8] ئوغلى جانىبېك، يەنى ئۆزىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە چارجۇي يېنىدا ھىجرىيە 919 (مىلادىيە 1513) – يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. مۇرغاپتىكى كەركى ئارقىلىق ئۆتۈپ سەمەرقەندتىن كەلگەن تېمۇر سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ، مەشھەتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۆزبېك قوشۇنلىرى ئۆزلىرى ئۆتكەن يوللاردا ھەممە نەرسىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ، تىرمىز ئارقىلىق بەلخكە كەلدى. غىجدۇۋان مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىن بىر نەچچە ئايمۇ ئۆتمەستىنلا، ئۇبەيدۇللا باشچىلىقىدىكى ئۆزبېكلەر شەيبانىي قىلىچىنىڭ ياردىمى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىگە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

شاھ ئىسمائىل ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرىنىڭ شۇ تەرىقىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، گەرچە بۇ ۋاقىتتا سۇلتان سەلىمنىڭ تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نەزەر دىققىتىنى ئەپسۇسلانغان ھالدا مەملىكەتنىڭ غەرب

چېگرىسىدىن شەرق تەرەپكە قاراپ يۆتكەشكە، ئۆز قوشۇنىنى يېڭىۋاشتىن خۇراسانغا يۈزلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ يېقىنلاشقانلىق خەۋىرىنى بىلگەن ئۆزبېكلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىندى. لېكىن، مەملىكەت ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇلان ــ تالان قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان بۇ چۆل ئاتلىقلىرىنىڭ ئىران چېگرىسىغا يېقىنلىشىشى ئىراننىڭ شەرقىي شىمال تەرەپلىرى ئۈچۈن، غايەت زور مۇسىبەت ۋە پالاكەت بولدى. گەرچە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆزبېكلەر بىلەن ئوسمانلىلار ئارىسىدا ئىتتىپاق بارلىقىغا دائىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىقىنى شۈبھىسىز تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئىستانبۇل ھۆكۈمدارلىرى سەپەۋىيلەرنىڭ مەيدانغا چىقىۋاتقان شەۋكەتلىرىگە قارشى بايراق كۆتۈرگەن ۋە شۇ تەرىقىدە ئىراننىڭ شىمالىدىكى قوھ مۇداپىئەسىنى ئىككىنچى تەرەپكە جەلىپ قىلغان دەل ئاشۇ پەيتتە، ئۆزبېكلەرمۇ ئامۇ دەريانىڭ قىرغاقلىرى بويلاپ خۇراسانغا كىرىش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىرىنىڭ ئېگەرلىرىگە مىنىپ ئولتۇردى.

مەسىلەن، ئۇبەيدۇللا يالغۇز ئۆزى تۆرلۈك ۋاقىتلاردا ۋە كۆپ مىقداردا ئىرانغا ئالتە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھۇجۇملىرى ۋە كۈرەشلىرى قارشى تەرەپ مەملىكەتلىرىنى خاراب ۋە ئاھالىسىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا ئامۇ دەريا ئۆلكىلىرىگە ھېچبىر پايدا بەرمىدى.

ئەپسۇسلىنارلىق قارا لەۋھەلەرنى تەشكىل قىلغان بۇ ھۇجۇملار ھەققىدە گەرچە قىسقىچە بولسىمۇ بىر قەدەر مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. بىرىنچى ھۇجۇم يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغىنىدەك، باشتىلا يوقىتىلدى. ئىككىنچى ھۇجۇم ئۆزبېكلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق پۇرسەتتە، يەنى ئىسمائىلنىڭ پالاكەتلىك چالدەمىر جېڭىدە يېڭىلگەن ۋە ئاجىزلاشقان ۋاقتىدا باشلانغان بولۇپ، ئىران تارىخچىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئۆزبېكلەر بۇ ھۇجۇمدا خېلى چوڭ كۈچ ــ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان. ئۇبەيدۇللا بۇ سەپەردە تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇز مىڭغا قەدەر ئۆزبېك قوشۇنى بىلەن دەريادىن ئۆتكەن. لېكىن، ئۆز كۈچ ــ قۇۋۋىتىگە مۇناسىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. چۈنكى، ھىراتنى ئون كۈن مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتسىز ھالدا تاشلاپ قايتىشقا مەجبۇر بولغان. خۇراسان ئەمىرلىرىدىن سام مىرزا ۋە دۇربى شاھ مىرزىلار بۇ قېتىمقى ئۆزبېكلەرنىڭ شىددەتلىك تاجاۋۇزلىرىنى كەسكىن سۈرئەتتە يوقاتقان. ئۆزبېكلەرنىڭ پۈتۈن ئاچچىقلىرى ھىرات ئەتراپىدىكى بۇلان ــ تالان بولۇپ پۈتۈنلەي خاراب بولغان ئېكىنزارلىق ئۈستىگە چۈشتى. ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇم شاھ ئىسمائىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھىجرىيە 931 (مىلادىيە 1524) ــ يىلى بولدى. ۋەھشىي ۋە جەڭگىۋار شەيبانىي ھۆكۈمدارى ئەبەيدۇللا چارجۇي ئارقىلىق مەرۋىگە ئۆتتى. ئەينى زاماندا كۆچكۈنچى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد كەركى ئارقىلىق كېلىپ ھىرات يېنىدا پەيدا بولدى. ئەبۇ سەئىد بۇ يەردە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇبەيدۇللا مەرۋى ۋە مەشھەدنى ئىشغال قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە تاجاۋۇزىنى تاكى ئاسترابادقا قەدەر كېڭەيتىپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇبەيدۇللا ئاسترابادنى ئوغلى ئەبدۇل ئەزىزگە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇبەيدۇللا بەلخ ئۈستىگە يۈرگەن ۋاقىتتا يېڭىلا دامغانغا كېلىش بىلەن، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى ۋە شاھلىق ۋارىسى شاھ توھماسىب خەتەر ئاستىدا قالغان ۋىلايەتلەرنى بىردەك مۇداپىئە قىلىشقا باشلاپ، ئۆزبېكلەرنى ھەر يەردىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنلىرىگە قاراپ قوغلىدى. بۇ قېتىم ماۋەرائۇننەھر خەلقى شاھ ئىسمائىلنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ يەردە ئىچكى غوۋغالار قوزغىلىپ، لاي سۇدا بېلىق تۇتۇش

مۇمكىن دەپ ئويلاپ كۆپ ئالدانغانىدى. گەرچە توھماسىب ياش مەزگىلىدىلا تەختكە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مەملىكەتنى مۇداپىئە قىلىشنى كەسكىن قارار قىلغانىدى. ئۇبەيدۇللا بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلگەندىن كېيىن، كېيىنكى ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھازىرلىغان لەشكىرى ھەققىدە خىلى مۇبالىغىلىق باياناتلارنى قىلغانىدى. توھماسىبتا ھەقىقەتەن شۇنداق بىر پىكىر بارمىدى؟ بۇنىڭغا ئىشىنىش قىيىندۇر. لېكىن، كۆچكۈنچى خان ھەر ھالدا ئالدىنىراق ھەرىكەت قىلىشنى ئىستىگەن بولۇشى كېرەك، تۇران ياپلىقىدىكى ھەر تۈرلۈك قوۋم ۋە قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن ئۇبەيدۇللانىڭ باشچىلىقىدا ھىجرىيە 935 (مىلادىيە 1528) ـ يىلى خۇراسانغا تۆتىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلدى.

بۇ قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئەڭ مەشھۇر شاھزادىلەر قاتناشتى. مەسىلەن، بۇلار ئارىسىدا تاشكەنتتىن باراق سۇلتان، سەمەرقەندتىن ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد بىلەن كۆچكۈنچى سۇلتان، ھىساردىن ھەمزە سۇلتان، بەلختىن كىستەن قارا سۇلتان قاتارلىقلار بار ئىدى. كۆپىنچە مۇبالىغىغە ئادەتلەنگەن ئىران تارىخچىلىرى ھازىرغا قەدەر ھېچبىر ۋاقىتتا ئامۇ دەرياسى بۇ قەدەر كۆپ تاتار قوشۇنى كەچمىگەنلىكىنى[9] نەقىل قىلىشىدۇ. لېكىن، بۇلار بۇ ئۆلكىدە ھازىرغا قەدەر ھېچبىر توپ ۋە مىلتىق تاۋۇشلىرى ئاڭلانمىغانلىقىنى ھازىر توھماسىبنىڭ قولىدا ئالتە مىڭغا قەدەر ئوت ئالدۇرغۇچى قورالى بارلىقىنى، شانلىق تۇران ئوقياچىلىرىنىڭ ھازىر غەربىي ياۋروپا ئىجادى بولغان قاپا ۋە زەمبىرەكلەرگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى خاتىرىدىن چىقىرىشىدۇ. ھەر ھالدا بۇ ئىككى بۈيۈك قۇدرەتلىك قوشۇن بىر ـ بىرىگە قارشى كەلدى. خۇسۇسەن جەڭنىڭ جام بىلەن زورئابات[10] ئارىسىدا مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى[11] كۈنىدە، يەنى ھۇسەيىنىنىڭ كەربالادا پاجىئەلىك شېھىت بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىرانلىقلار تەرىپىدىن قىقاس ـ چوقانلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بايرامنىڭ ئەتە باشلىنىدىغان كۈنى بولغانلىقى بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. تاڭ قۇياشنىڭ بىرىنچى نۇرلىرى چەۋەندازلار سىپىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ يالتىرىشى بىلەن گوياكى قەدىمكى ئەپراسىياپ بىلەن رۇستەم ئارىسىدىكى مەشھۇر جەڭ تەكرار باشلىنىپ، بۇلۇت كەبى قويۇق چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالغان توھماسىب بىرىنچى قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرۈنگەن ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مۇھاسىرە ئاستىدا دېيەرلىك بىر ھالەتتە قالدى. ئىران ئەسكەرلىرى تۈرك ئۇسسۇلىغا تەقلىد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا يۈك ھارۋىلىرىنى قويدى ۋە بىرىنچى قاتاردا ئوقچىلار ئورۇن ئالدى. ئۆزبېكلەر شىددەتلىك رەۋىشتە ئىككى قوۋۇرغىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بۇزماقچى بولغان بىر پەيتتە ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ باش كۈچى مەركەزدىن ھەرىكەت باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ سېپى دەھشەتلىك سۈرئەتتە بۇزۇلۇپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى. جەڭ مەيدانىدا ئەللىك مىڭ ئۆزبېك بىلەن يىگىرمە مىڭ ئىرانلىقنىڭ جەسەتلىرى قېپقالدى[12].

ھىجرىيە 938 (مىلادىيە 1531) ـ يىلى توھماسىب غەرب تەرەپتە سۇلتان سۇلايمان بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان پەيتتە ئۇبەيدۇللا ئۆز ئەسكەرلىرىدىن تۈرلۈك قوشۇنلارنى جەملەپ بەشىنچى قېتىم ئىران ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۆزى ھىراتقا، ئوغلى ئەبدۇلئەزىز مەشھەدكە، قەھرىمانلىقى ھەققىدە ھېكايىلەر رىۋايەت ئېتىلگەن قامىش ئوغلان ئاسترابادقا، خان كەلدى باتۇر سەبزىۋارغا ئۇدۇل يۈرۈش قىلدى. بىر يېرىم يىل ئىچىدە خۇراسان، سىيىستان ۋە ئىراقنىڭ بىر قىسمى بۇلارنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا دۇچار بولدى. پەقەت ئىران

ۋە ئوسمانلى ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا سۇلھى تۈزۈلگەندىن كېيىنلا، ئىران ھۆكۈمدارى ئۆزىنىڭ دىققەت نەزىرىنى غايەت زور زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغان خوراسان ئۆلكىسىگە قارىتالىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە غەنىيمەت ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كەتتى.

ھىجرىيە 940 (مىلادىيە 1533) ـ يىلى ياشانغان كۆچكۈنچى سۇلتان ۋاپات بولدى. ئۇبەيدۇللا ئاخىر ماۋەرائۇننەھر تەختىگە چىقتى. پۈتۈن ئۆمرىنى سوپىلار ۋە دەرۋىشلەر سۆھبىتىدە ئۆتكۈزگەن كۆچكۈنچى ئۆزىنىڭ تەختىنى ئوغلى ئەبۇلخەيرىخانغا قالدۇرغانىدى. مەملىكەتنى ئۈچ يىل ئىدارە قىلغان ئەبۇلخەيرىخانىنىڭ پاجىئەلىك ۋاپاتى ئۇبەيدۇللا تەرىپىدىن مەخپىي سۇرەتتە قىلىنغان بىر ئىش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇبەيدۇللا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىگە قارشى مەملىكەتلەر ئۈستىگە ھەربىي يۈرۈشنى داۋام ئەتتۈردى. ھىجرىيە 942 (مىلادىيە 1535) ـ يىلى خوراسان ئۈستىگە ئالتىنچى نۆۋەت ھۇجۇم قىلدى. يەرلىك مەنبەلەردىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇ سەپەردە گەرچە ئۇزاققىچە بولمىسىمۇ [13]، ھىرات قەلئەسىنى سەما مىرزىنىڭ قولىدىن ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ ئۇنىڭ خوراسان ئۈستىگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سەپىرى بولدى. چۈنكى، ئۇبەيدۇللا خارەزمنى بۇخارا ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتسىز تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 946 (مىلادىيە 1539) ـ يىلى ئاتمىش بەش يېشىدا، يەنى سەلتەنىتىنىڭ ئالتىنچى يىلىدا ۋاپات بولۇپ، بۇخارادا ئۆزى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مەدرىسىنىڭ زىيارەتگاھىدا دەپنە قىلىندى.

ھازىرغا قەدەر ماۋەرائۇننەھردە ھاكىمىيەت كۆچكۈنچى بىلەن شەيبانىي ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئالمىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇبەيدۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقتى. بىرىنچى خانىدان تەرەپدارلىرى كۆچكۈنچىنىڭ ئوغلى ئەبدۇللانى[14] تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئالتە ئاي ئۆتۈپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبدۇللەتىپنى خان تىكلىدى. ئەمما كۈچلۈكرەك بولغان ئىككىنچى گۇرۇھ بولسا، ھىجرىيە 948 (مىلادىيە 1541) ـ يىلى ئۇبەيدۇللانىڭ ئوغلى ئەبدۇلئەزىزگە بەيئەت قىلدى. بۇلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلدىمۇ ياكى سۇلھى يولى بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەت تۇتتىمۇ، بۇ ھەقتە ئوچۇق مەلۇمات يوق. پەقەت شۇ زامانغا لايىق بىرقانچە تولۇقسىز ۋە ئىشەنچسىز خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئەبدۇلئەزىزنىڭ ھىجرىيە 958 (مىلادىيە 1551) ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغانلىقى ۋە ئىران بىلەن سۇلھى قىلىپ ياشىغانلىقى، بەلكى قارشى يالغۇز بىر قېتىم جەڭ قىلغانلىقى ئوچۇق مەلۇمدۇر. ئەبدۇلئەزىز ئۆز تەبىئىتى جەھەتتە ئاتىسىدىن باشقىچە بولۇپ، نوپۇزلۇق روھانىيلارنىڭ دىنىي تەسىرلىرىگە بېرىلگەن، شۇڭا دۇنيا ئىشلىرىغا قارىغاندا، مەسچىتلەر، تەكىيگاھلار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىغان دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كۆپرەك غەيرەت قىلغان. دائىملىق جەڭلەر تۈپەيلىدىن، ئاجىزلىشىپ كەتكەن مەملىكەت ئۈچۈن بۇمۇ بىر جەھەتتىن پايدىلىق ئىدى. لېكىن ئىككىنچى جەھەتتىن، مەملىكەتنىڭ شىمال تەرىپىدە تېخىچە بويسۇنماي كېلىۋاتقان كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ بۇلان ـ تالانلىرىغا پۇرسەت تېپىلدى.

ئەبدۇلئەزىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە مۇھەممەت سۆيۈنچ سۇلتاننىڭ ئوغلى مۇھەممەديار سۇلتان[15] ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئۇ تاشكەنتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردىن بۇخاراغا بېرىش سەپىرىدە يولدا ۋاپات بولدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھىجرىيە 961 (مىلادىيە 1553) ـ يىلى سەمەرقەندتە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خان ئاتا تەختىدە

كۆپ كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە خىلاپ ھالدا ئۇبەيدۇللانىڭ نەۋرىسى بۇرھانخان ئولتۇرۇشى لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، نادانلىقى ۋە نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئومۇمنىڭ نەپرىتىگە ۋە ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈشلىرىگە سەۋەب بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن كۈنلىرى ئىچىدە ھوشسىز ۋاقىتلىرى كۆپرەك بولاتتى.

بۇ يامان ھاكىمىيەت تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن توپىلاڭ ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمال چۆلىدىن شەيبانىي تەرىپىدىن يېڭىلگەن مەھمۇد خاننىڭ ئوغلى باراقخان[16] پەيدا بولۇپ، كۆپ قىسمى قالماق ۋە قىرغىزلاردىن ياللانغان بۇزغۇنچى قوشۇنلىرى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ ئاۋات قىسمىنى ئىستىلا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوترارىدىن باشلاپ بۇخاراغا قەدەر ھەممە يەر خارابە ۋە ۋەيرانىلەرگە ئايلاندى. بۇ مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇم ۋە جەبىرلىرى تۈپەيلىدىن مەملىكەت ئۈستىگە كەلگەن پالاكەتنى ھېچبىر يول بىلەن تەرىپلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

دەل ئاشۇ تاجاۋۇزچىلىق مەزگىللىرىدە باشقا بىر زات مەيدانغا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ ئىسكەندەرخاننىڭ[17] ئوغلى ئەبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى ئەبدۇللاخان ئىدى. شەيبانىيلار ئارىسىدا ئۇنى ئەڭ بۈيۈكى ئىدى دېيىشكە لايىق ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 940 (مىلادىيە 1538) ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئائىلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بوۋىلىرى ئانچە كامىل ۋە ئەقىللىق بولمىغان بىر ئاتا تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. بوۋىسىنىڭ ئاتىسىنى ئىستىھزا تەنتەك دەپ ئاتىشاتتى. بوۋىسى جانىبېكمۇ[18] ئەقىلدە ئاجىز بولۇپ، ئاتىسىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ خاسىيىتى بەش ۋاخ نامازنى كامىل ئادا ئەتكەنلىكى ھەم ماھىر لاچىن ئوۋچىسى بولغانلىقىنى كۆرسىتىشىدۇ. نەسىل جەھەتتىن شۇنداق بولغان بولسىمۇ، مۆھتىرەم خاجەكى قانانى ئەبدۇللانىڭ سەبىي ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ كېلەچەكتە ئۇلۇغ ئادەم بولىدىغانلىقىنى كەشپى كارامەت بىلەن بىلگەنىكەن. ئىسكەندەر خان خەيرلىك دۇئا ئېلىش ئۈچۈن، بالىنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگىنىدە ئۇ ئايرىمچە بىر شادلىق ئىزھار قىلىپ: «بۇ بالىدا بەخت يۇلتۇزلىرىنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرى بار، كېلەچەكتە بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمدار بولغۇسى» دېگەن ۋە ئۆز دۇئاسىنىڭ سەممىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بېلىدىكى يوڭ بەلۋاغنى ئېلىپ، بالىنىڭ بېلىگە باغلىغان. خوجا ھەتتا ئۇنىڭ كېلەچەكتە تۇتىدىغان مەسلىكىنىمۇ قىسمەن ھالدا تەيىنلىگەن. شۇنىڭغا بىنائەن ئەبدۇللانىڭ تەلىم ۋە تەربىيەسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئېتىقادارلىق ئادەملىرىگە تاپشۇرۇلغان. سېيىت راقىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئادەملەر كۆپ بولغان.

يىگىرمە ئىككى ياشقا يەتكەندە ئەبدۇللا ئۆز ئەجدادىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا شۇ دەرىجىدە روھلانغان ئىدىكى، ھەتتا ئەتراپىغا بىر نەچچە ئادەملەرنى توپلاپ، شۇ چاغدا بۇخارانى يېڭى ئىشغال قىلغان باراقخاننىڭ جەبىر ۋە زۇلۇملىرىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغان. ئەبدۇللا دەسلەپتە بۇخارادىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان تاراب نامىلىق كىچىككىنە بىر شەھەردە قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. مەھەللە خەلقى ئۇنىڭغا سوغۇق قارىدى. ئەبدۇللا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردە ئۇلارغا ئىمتىياز بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز پىيادە ئەسكەر قوشۇلدى. ئەبدۇللا ئۆزىنىڭ بۇ ئەسكىرى بىلەن باراقخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقان پەيتتە باراقخاننىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھىجرىيە 963 (مىلادىيە 1555) ـ يىلى يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبدۇللا تېزلىك بىلەن بۇخاراغا يۈرۈپ شەھەر ئەتراپىنى ئىشغال قىلدى.

بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن ئەبدۇللا ئۆزىدە بۇرھانخان بىلەن جەڭ قىلىشقا ئىقتىدار بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ باشلىدى ھەم ئۇنى يېڭىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى [19]. شۇ

يوسۇندا ئەبدۇللا چەتتىن كەلگەن تالان ـ تاراج قىلغۇچىلارنى قوغلاپ، ئاز مۇددەت ئىچىدە ماۋەرائۇننەھردە شەيبانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەنە ئورناتتى.

شەيبانىي بىلەن ئۇبەيدۇللا بۇ مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارلىرى بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بېشىغا باشقىلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى ھەربىي ئىشلارنى تۇتۇپ، جەڭنى داۋام ئەتتۈرگەنىدى. ئەبدۇللامۇ شۇلارغا ئوخشاش يول تۇتۇپ، سەمەرقەند تەختىگە ئاتىسى ئىسكەندەرنى ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى مەملىكەتنىڭ شەيبانىي ۋاقتىدىكى قەدىم چېگرىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر بېشىدا تۇردى. ئۆمرىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى ئاشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ئەبدۇللاغا بەخت ـ تەلەي ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئارتۇق ياردەمچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا مەملىكەتلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن ھەممىدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدى. شۇڭا، ئۇ ھەقلىق ھالدا «ئۆز خەلقىنىڭ ۋەلى نېئمىتى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ زامانىدا بۇخارا چېگرىسى شىمال تەرەپتىكى تۈركىستان ۋىلايىتى جايلاشقان يەرلەردىن ئۆتۈپ كەتتى. باراقخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئەتراپتا سۈلھى ۋە تىنچلىق ئاز بۇزۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھىجرىيە 975 (مىلادىيە 1567) ـ يىلى باراقخاننىڭ ئوغلى باباخان[20] ماۋەرائۇننەھرگە يېڭىدىن بىر ھۇجۇم باشلاپ سەمەرقەندكە قەدەر كەلدى. ئۇ يەردىكى خان خۇسرەۋ سۇلتاننى ۋە شەھەرنىڭ بىر توپ مۆتىۋەرلىرىنى تۇتۇپ ۋە تېپىلغان خەزىنىلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەبدۇللا ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن خۇراساندا ئىدى. شۇڭا قارشى تۇرالمىدى. لېكىن، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 983 (مىلادىيە 1575) ـ يىلى باباخان ھېساب بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن سىر دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە تېزلىك بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئارىدا سۈلھى تۈزۈلگەن بولسىمۇ داۋاملىشالمىدى. چۈنكى، ئارىدا ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا باباخان ئۆزىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇمىنى يەنە تەكرارلىدى. ئەبدۇللا بۇنىڭغا قارشى يېڭىۋاشتىن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

زېمىن تەۋەسىدە ئاق كۆتەل (ئاق تاغ) يېنىدا، يەنى سەمەرقەندكە يېقىن بولغان بىر يەردە يۈز بەرگەن جەڭدە باباخان پاراكەندە بولۇپ مەغلۇپ بولدى. ئەبدۇللاخان چۆل ئىچىدە ئۇنى ئۆزاقىچە قوغلاپ، ئۇلۇغ تاغقا قەدەر باردى. ئۇ يەردە توقتامىشقا قارشى جەڭ بىلەن بارغان ۋاقىتتا تېمۇر تەرىپىدىن سېلىنغان بىر ئابىدە (يەنى تاش لەۋھە) نىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر ئابىدە ئورنىتىشقا ئەمىر قىلدى. شەھىرى سەبزىدىن چىققان جاھانگىر (تېمۇر) ئۇ ئابىدىنىڭ بەتلىرىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قانداق تەسۋىرلىگەن بولسا، ئوخشاشلا ئەبدۇللامۇ ئۆزىنىڭ لەشكىرىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تاش لەۋھە ئۈستىدە ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. شەرقتە يالغۇز پەرغانىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەر ۋە خوتەنمۇ شەيبانىيلار ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىندى. جەنۇب تەرەپتە بىر تەرەپتىن بابىر جەمەتى، يەنە بىر تەرەپتىن سەپەۋىيلەر بەلخنى ئىشغال قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ يەردە تاجاۋۇز سىياسىتى تۇتۇلۇپ، ئۆزبېكلەرنىڭ ھاكىمىيىتى بىرىنچى شەيبانىيلار ۋاقتىدىكىدىنمۇ كېڭەيدى. بەلخدە ئىستېھكام ياسالدى. تۇخارىستان، بەدەخشان قاتارلىقلارمۇ ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇلدى. مۇرغاپنىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرى يېڭىۋاشتىن تۇراننىڭ چېگرىسى بولۇپ قالدى. غەرب تەرەپتىمۇ ئىرانلىقلار ۋە خارەزملىقلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن، ئەبدۇللانىڭ يۈرۈشلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئاستراباد ئىشغال قىلىندى. سۇلتان مۇرات

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆچىنچىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان گىلان خانى ئىستانبۇلغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغى. ھەتتا بۇ تەرەپلەردە شەيبانىيلارنىڭ مەملىكەت چېگرىسى شۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچ كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيتىلدى.

ئەبدۇللانىڭ ئاۋۇللىرى ئىران ئۈستىگە بۇلاڭ ـ تالان خاراكتېرلىك ھۇجۇملارنى، يەنى بۇ يەردىكى تۈركمەنلەرنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، «ئالىمان»نى باشلىدى. چۈنكى، ئۆزبېكلەرنىڭ ئەپسۇسلىنىشلىرىغا قارشى توھماسىپ ھىجرىيە 969 (مىلادىيە 1561) ـ يىلى سۇلتان سۇلايمان بىلەن سۇلھى قىلغاندىن بىرى، ئۆزىنىڭ شەرق چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، خېلى چوڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغانىدى. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ئۈچۈن بۇ يەردە بۇلاڭ ـ تالان خاراكتېرلىك ھۇجۇملاردىن باشقا، زور ئىش قىلىشقا ئىمكان يوق ئىدى. لېكىن، توھماسىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاجىز باللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا ئىران، بولۇپمۇ خۇراسان ناھايىتى ئېغىر ھالدىكى تىنچسىزلىقلار ئىچىدە قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆزبېك ئاتلىقلىرى توپلىشىپ، قەتئىي رەۋىشتە خۇراساننىڭ شىمال تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ھىجرىيە 974 (مىلادىيە 1566) ـ يىلى ھەتتا توھماسىپنىڭ ئوغلى مۇھەممەد مىرزا شەخسەن ئۆزى بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك بىر توپ قوشۇن بىلەن، ھىرات ئۈستىگە يۈرگەندە بىر باسقۇنچىلار گۇرۇھىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەيدەرى قەلئەسىنىڭ گۈمبىزىگە كىرىپ، مۇداپىئەلىنىشكە، كېيىن جان ئاچچىقىدا سوقۇشۇپ، ئاران قۇتۇلۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

كېيىنچە ئىراندا بولغان تەخت ۋارىسلىرى ۋە كاتتا ئەمىرلەر ئارىسىدا بولغان دۈشمەنلىشىشلەر، ھۆكۈمرانلىققا ھېرىسمەن بولغان ئەبدۇللا ئۈچۈن ئىران يولىنى تېخىمۇ كەڭرەك ئېچىپ بەردى. مەسىلەن، بۈيۈك ئۇنۋانىنى ئالغان شاھ ئابباس ئۆزىنىڭ رەقىبى مۇھەممەد خۇدابەندە بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۆزبېكلەر توققۇز ئاي مۇھاسىرىدىن كېيىن، ناھايىتى مۇھىم شەھەر بولغان ھىرات قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. خۇراساندىكى ئىران نائىپى ئەلى قۇلىخان، شامىل ۋە بارچۇق قاتارلىق مۆتىۋەرلەر قەتل قىلىندى. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئەسىر قىلىنىپ، بۇخاراغا ئېلىپ كېتىلدى. خۇراساننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىندى. شۇ ۋاقىتتا ئىمام رىزا زىيارەتگاھىنىڭ مەقبەرىدارلىرى[21] ۋە ئۇ يەردىكى ئىنتايىن كۆپ ۋەقپە مۈلۈكلىرىنىڭ ئىگىلىرى مەكتۇپ يېزىپ، ئەبدۇللاغا مۇراجىئەت بىلەن مۇنداق سوئال سورىدى: «ئىمام رىزا مەقبەرەسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى خاراب قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ سايىسىدە كۈن كەچۈرۈۋاتقان مىڭلارچە مۆھتەرەم پىرلار (ئۇلار ئارىسىدا سۈننىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ بار)نى ئۆزلىرىنىڭ مەئىشەت ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىشقا، ئەبدۇللانىڭ دىنىي ۋىجدانى قانداق يول قويىدىكىن؟»

ئەبدۇللانىڭ ئوردىسىدا بولغان ماۋەرائۇننەھر ئىماملىرى بۇنىڭغا قارشى شىئەلىككە قاتتىق ئومۇمىي ھۇجۇم بىلەن جاۋاب بەردى. جاۋابىنىڭ خۇلاسىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: «ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ۋە شەرىئەت قانۇنىغا ئاساسەن، شىئە مەزھەپىدىكى كىشىلەر كاپىرلاردىن بەتتەردۇر. كاپىرلارنىڭ قەتلى خۇدانىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمىر ئېتىلگەندۇر. ئەگەر كۇپپارلار بىلەن جەڭ قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ زىممىسىدىكى پەرز بولسا، ئۆز ئارىلىرىدا ئىستىراھەتتە بولغان زاتى مۇقەددەس بىلەن قېرىنداش بولغانلىقىغا قارىماستىن، ھەق يولدىن چەتنىگەن ۋە ئېغىر گۇناھقا پاتقان ئادەملەر ھەققىدە ئۇنداق

مۇسۇلماننى نېمە قىلىش كېرەك. ئەمدى ئىمام رىزانىڭ ئېكىنزارلىرىنى، باغلىرىنى خاراب قىلىش مەسلىسىگە كەلگەندە ئۇلارغا مەلۇمكى، بۇ خەير ـ ئېھسان مۇئەسسەسلىرى ئىمام رىزا مەقبەرىسىگە تەۋەدۇر. لېكىن، سوئال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا كىملەرنىڭ تېخىمۇ بەكرەك ھەققى بار؟ بۇ تەڭرى ئەمرى ئۈچۈن جەڭ قىلغان ھەم مەئىشەت ئەسۋابلىرىدىن مەھرۇم بولغان مۆمىنلەرمۇ ياكى تەڭرى ئەمرىگە قارشى ئىسيان بىلەن گۇناھ قىلغۇچى ۋە دىن ئادەملىرىنىڭ ئەڭ بىرىنچىلىرى۞ بولغان ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان قاتارلىقلارنى خار قىلغۇچىلارمۇ؟ ...»

تەبىئىيكى شىئەلەر بۇنىڭغا قارشى جاۋاب بېرىشتە تەخىر قىلمىدى. لېكىن، بۇلار ئۇسۇل جەھەتتە مۇئامىلەنى تەكىتلەپ، ئالدى بىلەن ئوخشاش ساندىكى سۈننىي ۋە شىئە ئۆلىمالىرىدىن تەركىب تاپقان بىر دىنىي مەجلىس چاقىرىشنى ۋە بۇ مەجلىسنىڭ: ئالدىنقى ئۈچ خەلىپىنى غاسىب (بۇلىۋالغۇچى، ئىگىلىۋالغۇچى) ھېسابلاپ، ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن، شىئەلەرنىڭ شەرىئەت بويىچە كاپىر بولۇش ياكى بولماسلىقلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردى ۋە: «شىئەلىك ئىسلامنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى قەدىمىي بىر مەزھەپ. ئەگەر ئۇنىڭ تەۋەلىرى شۇ قەدەر يامان بولسا، ئىمام رىزا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەلدى. نېمىشقا ماۋەرائۇننەھرگە بارمىدى؟» دېيىشتى. بۇنىڭدىن بىر يۈز ئەللىك يىل كېيىن نادىر شاھ تەرىپىدىن باغدادتا چاقىرىلغا شىئە ۋە سۈننى ئۆلىمالىرىنىڭ مەجلىسى۞ نەقەدەر ئاز مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان بولسا، بۇ مەجلىسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ شۇندىن زىيادە بولمىدى.

ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋە قەلەم ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ــ ئەپسۇسكى، بۇنى بىر نەچچە ئەسىرلىك جەڭلەرمۇ ھەل قىلالمىغانىدى ــ بىر پەيتتە كەنجى شاھ ئابباس ئەسكەرلىرى بىلەن قەزۋىندىن كەلدى ۋە ئەبدۇللا مەرۋى ئارقىلىق بۇخاراغا قايتتى. مالكولئەلەم ئۆزىنىڭ ئىران تارىخىدا بايان قىلىشىچە، ئابباسنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئۆزبېكلەرنى تامامەن قوغلاش ۋە يېڭىشتىن كۆرە، خۇراساندا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاشۇرۇش ۋە نوپۇزىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ئۇ مەشھەدتە پەقەت ئاز مۇددەتلا تۇرۇپ، تېزلىك بىلەن گۇرجىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردە ئوسمانلىلار جەڭ بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى ۋە كېيىن ئوسمانلىلار غالىپ كېلىپ ئۇنى ۋەيران قىلدى.

كۆپ قېتىم كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ غەربتە ئوسمانلىلارنىڭ غەلىبىسى ئۆزاق شەرقتە تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ خەۋەر ئاڭلىنىش بىلەنلا ئەبدۇللاھ ھىجرىيىنىڭ 990 (مىلادىيە 1582) ـ يىلى مەشھەدنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن بىر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنى ئۆز قوشۇنىدىكى بەلخ نائىپى، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبدۇل مۇئمىن خانغا تاپشۇردى. ئەبدۇلمۇئمىن جەسۇر بىر جەڭچى، شۇنداقلا رەھىمسىز، شۆھرەتكە ھېرىسمەن بىر ئادەم ئىدى. زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىمۇ بىر توپ ئەسكەر بىلەن تېزلىكتە ئىلگىرىلەپ، ھەرىكەت قىلدى. بۇلارغا ھىرات نائىپى ۋە ئەبدۇللانىڭ سادىق خىزمەتكارى قۇلبابا كوكەلتاشمۇ قوشۇلدى. بىرىنچى ھۇجۇم نىشاپۇرغا قارىتىلدى. ئالدىن يۈرەر قىسىمدىن جەڭ مەزگىلىدە ئۆزبېكلەرگە بىر نەچچە كىشى ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. نىشاپۇر مەشھەدنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئەگەر مەشھەد ئىشغال قىلىنسا، نىشاپۇرنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولىدىغانلىقىنى قايتىپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەسكەر باشلىقلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەخسۇس ئازاد قىلدى.

شۇنىڭغا ئاساسەن، ئەبدۇلمۇئمىن پۈتۈن كۈچى بىلەن مەشھەدكە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى

ئېلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك پىداكارلىق ۋە زەخمەتلەرنى قوبۇل قىلدى. گەرچە قەلئەنىڭ قوماندانى ئۈممەتخان ئۇستاچى ئوغلى ھۇجۇمنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن دەھشەت پەۋقۇلئاددە چوڭ بولغانلىقتىن، شەھەر ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر قەلئە ئىچىگە ئىلتىجا قىلغان. ۋەھالەنكى، شەھەردە ئۇلارغا يېتەرلىك ئوزۇق يوق ئىدى. شۇڭا، ئاچارچىلىقنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۆزبېكلەرگە ياردەم قىلىپ، بىرىنچى ھۇجۇمدىلا شىئەلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس ئورنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن خەزىنىلىرى، ئاسار ئەتىقىلىرى، نەپىس ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئابىدىلىرى بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۆزبېكلەر ھەر تەرەپتىن ئېقىپ شەھەرگە كىرگەندە شەھەردىكى ئەر - ئاياللاردىن نۇرغۇن ئادەملەر، جۈملىدىن كۆپلىگەن ئۆلىما ۋە زاھىدلار بىلەن بىللە ئىمام رىزا مەقبەرىسى ئىچىگە ئىلتىجا قىلىپ كىردى. چۈنكى، بۇ مۇقەددەس جايغا تاجاۋۇز قىلىنماس دەپ گۇمان قىلىنغانىدى. لېكىن، ۋەھشىيانە بىر سۈرئەتتە ئۇدۇل تالان - تاراجقا بېرىلگەن ئۆزبېكلەردىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمىدى. دېمەك، بۇ يەرگە ئىلتىجا قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئىمام رىزانىڭ نەسلىدىن دەپ دەۋا قىلغۇچىلارنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەبدۇلمۇئمىن ئۆزىنىڭ بۇزغۇنچى ۋە رەھىمسىز قوشۇنى تەرىپىدىن بالىلار، ياشانغانلار، ئاۋام خەلق ۋە ئۆلىمالارنىڭ توپ - توپى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ مىڭلىغان پالاكەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەھۋاللىرىغا ئۇرغان ئاھ - ۋاھلىرىنى ھېچ تەسىرسىز ھالدا ئاڭلاپ، ئەلىشىرنىڭ سارىيىدا سەيلە قىلىپ تۇرغانمىش. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ قانلىرى يالغۇز شەھەرنىڭ كوچىلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى مەسچىتلەرنىڭ ۋە ئىمام رىزا قەبرىستانلىقىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنلىرىغا قەدەر يامرىغان. شەھەردىكى تالان - تاراج مەزگىلىدە ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرىغان يەرلەر ئۇلۇغلارنىڭ زىيارەتگاھى ۋە مەقبەرەلىرى بولدى.

دىيانەتپەرۋەر زىيارەتچىلەر تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنىپ، بۇ يەردە ئۈچ ئەسىردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غالىپلارنىڭ قولىغا چۈشتى [24]. بۇلار ئارىسىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ناھايىتى چوڭ يەكپارە شامدانلار، قىممەتلىك مەدەنلەردىن ياسالغان پۈتۈن زىرىھلەر (ساۋۇتلار)، لەشكىري ئەسۋابلار ۋە قۇراللار ۋە باشقا تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا غايەت مۇكەممەل كۇتۇپخانا، نادىر ۋە قىممەتلىك قۇرئان نۇسخىلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى نەپىس قولىيازمىلار، ئىلگىرىكى سۇلتانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەدىيە بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇلان - تالان مەزگىلىدە يوقالدى. ھەتتا غالىپ سۈننىلەرنىڭ ئىنتىقامى ئۆلۈكلەرگە قەدەر بېرىپ يەتتى. مەسىلەن، ئىمام رىزا زىيارەتگاھى يېنىدىكى مەقبەرىدىن توھماسىبنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىرىلىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلدى ۋە لەنەتلەر بىلەن كۈلى كۆككە سورۇلدى.

بۇ كېيىنكى ھەرىكەتنى بىلەن سەپەۋىيلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىككىنچى بىر سۈننىي ھۆكۈمدارنىمۇ سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن، ئەبدۇلمۇئمىن خەزىنىدارى مۇھەممەد قۇلىنى مەخسۇس مەكتۇپ بىلەن ئىستانبۇلغا سۇلتان مۇرات ئۈچىنچىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۆزبېك شاھزادىسى ئۆز مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ خوراساندىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى غايەت پەخىرلەنگەن ھالدا تەسۋىرلەپ، توھماسىبنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن يوقىتىلغانلىقىنى ئايرىمچە بىر ئەھمىيەت بىلەن بايان قىلدى. بۇندىن كېيىن يەنە دىنسىز بەتمەزھەپ شىئەلەر پىرقىسىنى تامامەن يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىراق ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ھەقتە سۇلتان مۇراتتىن ياردەم سورىغانىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ پىلانلىرى ئىككى سەۋەبتىن نەتىجىسىز قالدى. بىرى، ئوسمانلىلار ئۆزىنىڭ يىراق شەرقتىكى دىنداشلىرىغا پەقەت ياردەم ۋەدىسىنى بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى

ئەكسچە ئىرانلىقلارغا ياردەم كۆرسەتتى. چۈنكى، ئابدۇلمۆئمىننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئوسمانلىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەندىشلىك ھالغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يەنىمۇ داۋاملىشىشىنى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك ھېسابلاشقا باشلىغانىدى. ئىككىنچىدىن، مەشھەد ۋەيران قىلىنغان مەزگىلدە تېھراندا كېسەل ياتقان شاھ ئاباس تەدرىجىي تۈزۈلۈپ، دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئە ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەبدۇللا ھازىرچە باشقىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنماس دەرىجىدە كۈچلىنىپ، ھىرات، مەشھەد، سەرەخس، مەرۋى، خاپ، جام، پۇشىنغ، گورىيان قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن بىللە، خۇراساننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى ھەم ۋاپات قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ قولىدا تۇردى.

## ئىزاھلار

① بابىرنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە ئۆزىنىڭ سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىش تەشەببۇسلىرى ھەققىدە مەلۇمات بولمىغانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق. بابىرنىڭ كىتابى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن يىللىرى ھېسابى بىلەن ماۋزۇلانغان بولۇپ، ھىجرىيە 914 (مىلادىيە 1508) - يىلى بىلەن ھىجرىيە 925 (مىلادىيە 1519) - يىللىرىنىڭ ئارىلىقى ئاق قالغان. شۇڭا، بابىرنىڭ بۇ ھەربىي يۈرۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتنى پەقەت چەت ئەل مەنبەلىرىدىن ئېلىشقا توغرا كەلدى.

② كۆچكۈنچى — كۆچمەن، كۆچمەنچى، كۆچۈپ يۈرگۈچى مەنىسىدە بولۇپ، «كۆچۈم» دېگەن سۆزمۇ شۇنىڭغا مەنداش بولسا كېرەك.

③ شەيبانىينىڭ بۇندىن باشقا ھەرەم سۇلتان، ۋە سۆيۈنچى مۇھەممەد سۇلتان ئاتلىق يەنە ئىككى ئوغلى بار ئىدى. تەختكە ۋارىسلىق مەسىلىسىدە بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ زىكىر قىلىنمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

④ خەيرئاباد — بۇخارانىڭ شىمال تەرىپىدىكى كىچىك بىر شەھەرچە. بۇخاراغا ساياھەت قىلغان ۋاقتىمدا، مەلىك كۆلىنى كۆرمىدىم. ئەمما، مەلىك چۆلىنىڭ بىر بېشىدىن ئۆتتۈم (ساياھەت نامەمىنىڭ 161 - بېتىگە قارىغايسىز).

⑤ مەن بۇلارنى سەيد راقىمنىڭ كۆرسەتكىنىگە ئاساسەن يازدىم. بۇنىڭغا قارىغاندا، رەقەملەردە مۇبالىغە بولۇپ، ئۇبەيدۇللانى جەڭگە جاسارەت ئەتكۈزگەن بۇ ئەسكەرىي كۈچ ئەھمىيەتسىز دەرىجىدە ئاز بولسا كېرەك.

⑥ نەجمى سانى — ئەرەبچە ئىككىنچى يۇلتۇز دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مىر يارمۇھەممەد ئىدى.

⑦ گەرچە قارشى شەھىرىنىڭ قوماندانى ئۇبەيدۇللانىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن بابىرنىڭ ئالىيجاناب قەلبى ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى بولغان كىشىلەرنىڭ، يەنى ئىرانلىقلارنىڭ شۇ قەدەر ۋەھشىي مۇئامىلىلىرىنى كۆرۈپ، سەۋر - تاقەت قىلالمىدى.

⑧ ئەبۇلخەيرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا سۇلتاننىڭ ئىككى ئوغلى بولغان بولۇپ، بىرى جانىبېك، ئىككىنچى بويالى سۇلتان ئىدى. بۇ كېيىنكىسىنىڭ نەسلىدىن ھېچكىم ئالىي ھاكىمىيەتكە (تەختكە) مۇيەسسەر بولالمىدى. بىرىنچىسىنىڭ نەسلىدىن ماۋەرائۇننەھردە بىر نەچچە شەيبانىي ھۆكۈمدارلىرى مەيدانغا كەلدى.

⑨ «رەۋزەتۇس - سەفا» نىڭ ئىران تارىخ مەنبەسىدە ئۇ جەڭگە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىنى ئىككى يۈزمىڭغا قەدەر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنسۇپ بولغانلىرىنى بىر چوڭ مەملىكەت ۋە قەبىلە ئىسمىلىرىدا بايان قىلىدۇ.

⑩ بۇ يەر ئافغانىستان بىلەن ئىران، تېخىمۇ توغرىسى ھىرات بىلەن خۇراسان ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

چېگرا تەشكىل قىلغان بۈيۈك بىر ۋادىدۇر. جام ھىراتتىن بارغاندا ئىران تۇپرىقىدا بىرىنچى ئورۇن بولۇپ، ھازىر كىچىككىنە بىر قىشلاقتىن ئىبارەتتۇر. ئاھالىسى تۈركمەنلەرنىڭ قورقۇنچىسىدىن جان بېرىدىغان دەرىجىدە ياشايدۇ. بۇ جەڭ ھەققىدە ھىندىستاندا بابىر ئېرىشكەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جەڭ جام بىلەن زورئاباد ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى جام بىلەن چارگىرد ئارىسىدا سادىر بولغان. بابىرنىڭ ئاڭلىغىنىغا قارىغاندا، بۇ جەڭگە قاتناشقان ئۆزبېكلەر ئۈچ يۈز مىڭ. بۇ يەردە تۈركمەن دەپ يۈرگۈزۈلگەن ئىرانلىقلار پەقەت ئوتتۇزدىن ئەللىك مىڭغىچە كىشىدۇر.

⑪ بۇ كىچە شىئەلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بىر كېچە بولۇپ، ئەتىسى، يەنى ئاشۇرا كۈنىنىڭ دەھشەتلىك قايغۇسىدىن تەسىرلەنگەن روھنىڭ ھېسسىياتى ئۆرلىسۇن ئۈچۈن شىئەلەر بۇ كېچىدە ئۆزلىرىنىڭ تەنلىرىنى ھەر تۈرلۈك جازالار بىلەن ئازابلايدۇ.

⑫ بابىرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ جەڭدە توققۇز ئۆزبېك سۇلتانلىرى ۋە شۇلار جۈملىسىدىن كۆچكۈنچى ئۆزى، ئوغلى ئەبۇ سەيد ھەم ئۇبەيدۇللاخان قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلاردىن يالغۇز ئەبۇ سەيد بىرىلا ھايات قېلىپ، ئۆزبېكلەر قولىغا چۈشكەن. لېكىن، بۇ رىۋايەت توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇشۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، ئۇلار بۇندىن خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھردە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى تەختكە ئولتۇردى. ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا ئەڭ قېرىسى بولغان كۆچكۈنچىمۇ بۇ پالاكەتلىك جەڭدىن ئىككى يىل كېيىن ۋاپات بولدى.

⑬ «رەۋزەتۇس ـ سەفا» بۇنىڭ ئەكسىنى، يەنى سەما مىرزا تەرىپىدىن شىددەتلىك قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزبېكلەرنىڭ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

⑭ دەگىن ئۆزىنىڭ «ھون ۋە تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى تومىدا نېمىسچە تەرجىمىسىنىڭ 472 ـ بېتىدە بۇ ئەبدۇللانى بۇندىن كېيىن كەلگەن بۈيۈك ئەبدۇللا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ ھەم بىرىنچى ئەبدۇللادىن كېيىن ئەبدۇلمۇئمىننى بايان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇخارا تارىخىدا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مۇددەت ھەققىدە مەلۇمات بەرمەي ئۆتىدۇ.

⑮ ئىككىنچى بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ مۇھەممەد رەھىمخان دەپ ئاتالغانمىش. لېكىن، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇھەممەد رەھىم ئەبدۇللاخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ۋە بۇرھانخاننىڭ ئاتىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا ھايات ئەمەس ئىدى.

⑯ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى نەۋرۇز ئەھمەد ئىدى.

⑰ ئىسكەندەرخاننىڭ ئاتىسى جانىبېكنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە: دوستمۇھەممەد سۇلتان، كىستەن قارا سۇلتان (بۇ ئۇزۇن مۇددەتلەر بەلخنى ئىدارە قىلغان)، پايەندە مۇھەممەد سۇلتان، رۇستەم سۇلتان، ئىسكەندەرخان، ئىسپەندىيار سۇلتان، سۇلايمان سۇلتان، پىر مۇھەممەد سۇلتان، شاھ مۇھەممەد سۇلتان، يارمۇھەممەد سۇلتان، جان مۇھەممەد سۇلتان ۋە نۇر مۇھەممەد سۇلتان قاتارلىقلار.

⑱ ئەبۇلغازىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، جانىبېك ھامىلدار خوتۇنلىرىغا ئوتقا ياغ سېلىپ، ياندۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ يالقۇنىغا قاراپ تۇغۇلغۇسى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. بۇ خۇراپات ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىچە ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئادەتلەر ياۋروپالىقلاردىمۇ بار. مەسىلەن: مىلاد ئېيسا بايرىمىنىڭ ئەتىسى كۈنى قىزلار قوغۇشۇن ئېرىتىپ سۇغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۇدا ھاسىل بولغان شەكلىگە قاراپ، شۇ يىلى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەرگە تېگىش ـ تەگمەسلىكلىرى ھەققىدە پال سالىدۇ.

⑲ ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر مىرزاكى قوشچى تەرىپىدىن خىيانەتكارانە سۈرئەتتە قەتل

قىلىندى.

⑳ باراقخاننىڭ ئوغلى باباخان موغۇل سۇلالىسىدىن بولغان خانلارنىڭ ئەڭ كېيىنكىسى ئىدى. بۇلارنىڭ بېشى قايدۇدىن باشلاپ، يەنى ھىجرىيە 665 (مىلادىيە 1266) ـ يىلىدىن ئېتىبارەن تەرتىپسىزلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر ۋاقىت ماۋەرائۇننەھرگە تاجاۋۇز قىلاتتى. مەقسىتى چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرى قارشىسىدا مەلۇم ئائىلە تارمىقىنىڭ ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. تېمۇرنىڭ جەتەلەر بىلەن بولغان جەڭلىرى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ كۈچلىرى خېلى ئۇزۇن مۇددەتكىچە يوقىتىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئوغۇللىــــرى دەۋرىدە ئۇلار ئۆز تەرەپلىرىگە قالماقلار ۋە قىرغىزلارنى توپلاپ، يېڭىدىن تۇزەلدى. ئەبۇ سەيد ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا، ئۇلار تاشكەنت ئەتراپىدا شۇ قەدەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولدىكى، ئەبۇ سەيدنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ ئۇ يەردىكى خان يۇنۇس بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ۋە بۇ نىكاھتىن مەشھۇر بابىر دۇنياغا كەلدى. شەيبانىيلار دەۋرىنىڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتىدا ئۇلار قوقەندنى ئىشغال قىلدى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش قوقەندتە يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى مەھمۇدخان بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەھمۇد خان شەيبانىيلارنىڭ ھەربىي كۈچىگە قارشى تۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى باراقخان ۋە ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى باباخان ئۆز خاندانلىقىنىڭ يوقالغان نوپۇزلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لېكىن بۇلاردىن بىرەر پايدا چىقمىدى.

㉑ ئىمام رىزا زىيارەتگاھى ئىراندا ئەڭ چوڭ، گۈزەل ۋە مۇقەددەس بىر جايدۇر. ئۆزىنىڭ تىجارىتى بىلەن مەشھۇر مەشھەدنىڭ كۆپ كوچىلىرى ۋە بازارلىرى ئۇنىڭغا تەۋە بولغىنىغا ئوخشاش، شەھەر تېشىدا ۋە خۇراساننىڭ باشقا يەرلىرىدە ئۇنىڭغا تەۋە كۆپلىگەن زېمىنلار — ئۈزۈم باغلىرى، كارۋان سارايلىرى بار. بۇلارنىڭ كىرىمىدىن ھەر نەرسە بولسا، ئالدى بىلەن ئىمام رىزا زىيارەتگاھىنىڭ ئاشخانىسى تەمىن ئېتىلىدۇ. ھەربىر زىيارەتچى ئۇ يەرگە كىرىشى بىلەن ئۈچ كۈنگە قەدەر مەچەنە، ئەكمەك (نان) بىلەن ئاتىلا ۋە پولۇ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ يەردە كۆپلىگەن ھاماملار، سوپۇن كارخانىلىرى، ناھايىتى كۆپ تەكىيگاھلار بار. بۇ يەردىكى ئاشخانا ۋە باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئوخشاشلا زىيارەتگاھ نامىدىن تەستىقلىنىدۇ. پۇقرالار بولسا بۇ زىيارەتگاھنىڭ مۇساپىرپەرۋەرلىكىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ھەزرىتى ئىمام رىزا بۇ يەردە «سۇلتانۇل ـ فۇقەرا» دەپ ئاتىلىدۇ.

㉒ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسماندىن ئىبارەت دەسلەپكى ئۈچ خەلىپە شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە دىنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغۇچى ساختا كىشىلەر سانىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ھەر تۈرلۈك لەنەت ئىلاۋىلىرى بىلەن زىكىر قىلىنىدۇ.

㉓ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن مەخپىي رەۋىشتە سۈننى دەپ گۇمان قىلىنغان نادىر شاھ بۇنداق مەزھەپ ئايرىمىچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئىسلام ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىــــنى ئاڭقىرالايدىغان دەرىجىدە پاراسەت ئىگىسى بولۇپ، بۇ ئىككى مەزھەپنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىر دىنىي مەجلىس چاقىردى. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھاياجانلىق غەليانلىرى سەۋەبىدىن، بۇ مەجلىستىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى.

㉔ شۇ ۋاقىتلاردا ئىمام رىزا زىيارەتگاھىدا بولغان بايلىق ۋە قىممەتلىك ئەشيالار ھەققىدە قىسمەن بىر پىكىر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭ 1867 ـ يىلى پېشت شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «Wenderungen und Erlebnisse in Persien» ناملىق ئەسىرىمنىڭ 142 ـ بېتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

# شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتاپى تاجىزەر

(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **سۇلايمان يۇنۇس**

شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ دۆلىتى ھەددىدىن زىيادە، يۇرتى باياشات ئىكەن. ئەمما پادىشاھ ئۆزىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن ناھايىتى ھەسرەتلىنىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ پادىشاھ پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ ۋە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا شاھزادە رەنايى جاھان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى ناھايىتى ئاززۇلاپ چوڭ قىلىپتۇ. بالا چوڭ بولغانسېرى ناھايىتى ئەقىللىق بالا بولۇپتۇ. پادىشاھ مەخسۇس موللا تەكلىپ قىلىپ ئۇنى ئوقۇتۇپتۇ. شاھزادە موللا ئۆگەتكەننى ناھايىتى پىششىق بىلگەندىن باشقا بەزىدە موللىنى ناھايىتى قىيىن سوئاللار بىلەن ئەپسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. پادىشاھ شاھزادىنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي پەرزەنتىم، خۇدايىتائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن، سېنى موللىدا ئوقۇسۇن، دەپ بەردۇق، ئۇ يەردە ئاخۇننى رەسۋا قىلىپسەن، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ ۋە دەرھال شاھزادىنىڭ ھالىغا قۇرئى سالدۇرۇپ، شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرۈپ داد - پەرياد چېكىپ ۋەزىرلىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەردكە گىرىپتار بوپتۇ. ئۇ «خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە ھېچبىر چارە يوق» دەپ نالە ۋە پىغان بىلەن شاھزادىنى چاقىرىپ:

— ئەي پەرزەنت، مەن ئەمدى مۇشۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن كېتىدىغان بولدۇم. سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدىغان ۋەقەلەر ئاجايىپتۇر، تەقدىرگە ھېچ چارە يوق. ساڭا نەسىھىتىم شۇكى، ئۆزۈڭدىن چوڭلار سۆز قىلغاندا زىنھار ئاغزىڭنى ئاچما. ھەرقانداق كىشى ئۇلۇغلار سۆزلىگەندە سۆز ئارىلىسا رەسۋا بولۇر، چوڭ بالاغا گىرىپتار بولۇر. بىر قىرغاۋۇل ئاتا - ئانىسىدىن ئىلگىرى سۆزلىۋىدى، ئۆزى بالاغا گىرىپتار بولۇپ ھالاك بولدى، — دېدى. شاھزادە:

— نېمە ئۈچۈن بۇنى ھېكايە قىلىسىز، — دېدى. پادىشاھ:

— ئەي پەرزەنتىم، بىر جاڭگاللىق تاغدا بىر قىرغاۋۇل ماكانى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۇل يەرگە بىر پادىشاھ ئوۋغا چىقتى. ھېچ نەرسە ئوۋ قىلالماي پەرىشان بولدى. ئانا قىرغاۋۇل «شۇك ياتايلى، بىزنىڭ بارلىقىمىزنى بۇلار بىلىپ قالسا بىزنى ھالاك قىلىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بالىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئۇنتۇدى ۋە «بىز بىر سايرايلىكى، خالايىق ئاڭلاپ ئارماندا قالسۇن» دەپ بىر چىرايلىق ئاۋاز بىلەن سايرىدى. بۇنى پادىشاھمۇ ئاڭلىدى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە «ئۇۋىسىدىن بىرىنىمۇ قاچۇرماي تۇتۇڭلار، ئەگەر قاچۇرۇپ

قويساڭلار جىنىڭلارنى ئالىمەن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئۇلار قىرغاۋۇل ئۇۋىسىنى قورشاپ ھەممىسىنى تۇتۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى. قىرغاۋۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى تۇتۇپ، سايرىمىغان بولسا ئىدى، بۇنداق بالايى ئەزىمگە گىرىپتار بولماس ئىدى. ئەي ئوغلۇم، سەن ھەم زىنھار ئۆزۈڭدىن چوڭلار بار يەردە سۆز قىلما. ئۇلاردىن ئۆگەن. سېنىڭمۇ سۆزلەيدىغان ۋاقتىڭ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاغزىڭنى ئاچقىن. ئۇنداق قىلمىساڭ دانالار ئارىسىدا رەسۋا بولۇرسەن. بىرەر كىشى سۆز سورىسا شۇنىڭغا ئاز جاۋاب بەرگىن. ئەگەر زىيادە جاۋاب بەرسەڭ ئىززىتىڭ قالمايدۇ. يەنە بىر نەسىھەت: ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن، ئېغىر تاشنى كۆتۈرۈپ تۆۋەن تاشلىماق ئاسان، يۇقىـــرى چـــقارماق مۈشكۈلدۇر. ئۇستازىڭدىن ئىلگىرى زىنھار ئېغىز ئاچمىغىن. ھەرقانچە قابىل بولساڭمۇ، ئۇستازىڭنىڭ ئالدىدا ناقابىلسەن. ئۇستازىڭ بار يەردە سۆزلىسەڭ، ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىگە كېلۇر. بىر شەھەردە بىر كىشى ئۇستاز كۆڭلىنى ئاغرىتتى، ئۇ قۇرۇق تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇرپ ھالاك بولدى، ـــ دېدى.

شاھزادە سەۋەبىنى سورىدى، ـــ دېدى. پادشاھ ئېيتتى.

ـــ ئەي پەرزەنت، بىر شەھەردە بىر ئۇلۇغ ھۆكۈما، پازىل ۋە ياخشى ئادەم بار ئىدى. بىر نادان بۇ ئالىمغا شاگىرت بولۇپ كىردى. نەچچە كۈن ئۆتمەي ئۆزىنى ئىلىم ھىكمەتتە بۇ ئالىمدىن ئۈستۈنرەك چاغلاپ يۈردى. نەچچە ۋاقىت ئۆتتى، ئالىم بۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. ئەمما بۇ نادان شاگىرت، «بۇ ئالىم ھېچنەرسە بىلمەيدىكەن» دېدى. يەنە بىر شاگىرت ئالىمغا «ئۇ باشقىلارغا مەن ئالىمدىن ئوبدانراق بىلۈرمەن، دېدى» دەپ يەتكۈزدى. ئالىمنىڭ كۆڭلى سۇندى ۋە «شۇنداقمۇ غەيۋەت قىلغان بارمۇ» دېدى. تاڭلا كېچىسى بۇ نادان شاگىرت سىرتقا چىقىپ كۆردىكى، بىر ئادەم ئۆلۈك ياتقان، بۇ نادان ئويلىدىكى، مەن دەرھال كىرىپ كېتەي، پاششاپ كېلىپ قېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈپسەن دەپ تۇتۇۋالمىسۇن دەپ ئۆيگە كىرىپ بېشىنى ئىشكتىن چىقىرىپ قاراپ تۇردى. تەرەتكە چىقاي دېسە، پاششاپ كېلىپ قېلىپ قۇرۇق تۆھمەتكە قېلىشتىن قورقتى. كىرىپ كېتەي دېسە تەرەت قىستاپ تۇرغان ئەھۋالدا پاششاپ كېلىپ بىر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بىر ئادەمنىڭ ئىشكتىن بېشىنـــى چىقىرىپ مۆكۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قول ئاستىدىكىلەرگە: «بۇ ئادەمنى تۇتۇپ بويىنىغا زەنجىر سېلىڭلار» دېدى. كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ چىقتى. بۇ نادان ھۇشىدىن كەتتى ۋە ھۇشىغا كېلىپ:

ـــ ئەي خوجىلىرىم، مېنى نېمىشقا تۇتتۇڭلار. مەن بىگۇناھ، بۇ ئادەمنـــى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ـــ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ دادىغا پەرۋا قىلماي پادشاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى، تاڭ ئاتتى. پاششاپ پادىشاھقا:

ـــ پادشاھى ئالەم، پالانى كوچىدا بۇ كىشى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتىكەن، تۇتۇپ كەلدىم، بۇ كىشى ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالدى، ئـــەمـــا ئـــۆزىنـــى ئـــاقلاشقـــا گـــۇۋاھچـــى تاپالمىدى، ـــ دېدى ئاخىر گۇۋاھچى يوقلىقىدىن بۇ نادان دارغا ئېسىلدى، ـــ دەپ پادشاھ ھېكايىنى تۈگەتتى ۋە:

ـــ ئەي پەرزەنتىم، ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىنى زىنھار ئاغرىتمىغىن، باشقىلار سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاغرىتسا ئاغرىتسۇن، سەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغـــىن. گۇناھكارلار ئارىسىدا سۆزلىمىگىن، باشقىلار ئارىسىدا قارا بولۇرسەن. بىر ئىشنى تۈگەتمەي باشقا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلما. ئىككىلا ئىشتىن قۇرۇق قالارسەن. بۇرۇن بىر موماي بار ئىدى، چاق ئىگىرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ قولىدىكى ئىشىدىن قۇرۇق قېلىپ ھالاك بولدى، ـــ دېدى. شاھزادە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— موماي نېمە ئۈچۈن ھالاك بولدى؟ — دەپ سورىدى. پادىشاھ ئېيتتى:

— ئەي پەرزەنتىم، بىر شەھەردە بىر قىشلاق بولۇپ، ئۇ يەردە بىر موماي چاق ئىگىرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. خۇدايىتائالانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلماي، خېلى باي بولۇپ قالدىم، ئىككى قوللۇق ئوقەت قىلسام ياخشى بولغۇدەك، دەپ بازارغا بېرىپ ئىككى ئۆچكە ئالدى. ئۇ «ئۆچكىلەرنى سېغىپ سۈتىنى ئىچسەم، چاق ئىگىرىپ تاپقىنىمنى كىيىم كىيسەم» دەپ ئىككى ئۆچكىنى باقتى. ئەمما بۇ ئۆچكىلەردىن سۈت چىقماق تۇگۇل مومايىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى يىغقان نەرسىلىرىنى يەپ تۈگەتتى. مومايمۇ ئاچ قالدى. موماي بۇ ئۆچكىلەرنىڭ سۈتى يوق ئىكەن، پايدىسى بولمىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئوبدان بېقىپ سەمرىتەي، بۇ ئۆچكىلەرنى بىر تەڭگىدىن ئىككى تەڭگىگە ئالغان ئىدىم، قاسساپلارغا ئىككىدىن تۆت تەڭگىگە ساتايمەنمۇ، دەپ ئوت چۆپ بىلەن باقتى. بىر كۈنى موماي دالىدىن كەچرەك قايتقان ئىدى، تۇيۇقسىز بۆرە پەيدا بولدى ـ دە، ئۆچكىلەرنى يېدى، ئاندىن مومايىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ يېدى. شۇ ۋاقىتتا بىر ئوغرى كېلىپ مومايىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالغانىدى، بىر بۆرە بېرىپ ئوغرىنى ئۆلتۈردى، — دەپ پادىشاھ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە:

— ئەي پەرزەنتىم، زاھىدلارنىڭ ئاھىدىن قورقما. ئاشىقلار ئاھىدىن ھەزەر قىل. زاھىدلارنىڭ ئاھىنى تىرىكلىك كۆرگىن، ئاشىقلارنىڭ ئاھى شەمشەردىن ئىتتىكرەكتۇر ۋە باتۇرلار پالتىسىدىن ئۆتكۈررەكتۇر. دۇنيا ئىشىنى تۈگىتىمەن دەپ خىيال قىلمىغىن. بۇ دۇنيانىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ. بۇ دۇنيا پاندۇر، بىرىنى تاپسا بىرى يوق. بىر زاھىد ئېشەك تاپتى توقۇم يوق. توقۇم تاپتى ئېشەك يوق — دېدى. شاھزادە سەۋەبىنى سوراپ قالدى. پادىشاھ ئېيتتى:

— ئەي پەرزەنتىم، شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر زاھىدنىڭ سەۋمەئەسى[①] بار ئىدى. بۇ ئادەم خۇدايىتائالاغا تائەت ۋە ئىبادەت قىلاتتى. قازارا بىر كۈنى بۇ زاھىد پادىشاھنىڭكىگە كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سالغىلى تۇردى. پادىشاھ:

— ئەي پىرىم، نېمە ئۈچۈن يۈرىكىڭىز سالىدۇ؟ — دەپ سورىدى. زاھىد ئېيتتى:

— پىيادە يۈرسەم يۈرىكىم سالىدۇ، — دېدى. پادىشاھ ئېيتتى:

— ئۇلاغ بىلەن كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

زاھىد ئېيتتى:

— ئۇلىغىم يوق. بولسىغۇ مىنىپ كېلەتتىم.

— ئۇنداق بولسا ئۇلاغ بېرەيلى، — دېدى پادىشاھ. كېيىن يانار چاغدا پادىشاھ:

— زاھىدقا بىر ئات ئېلىپ چىقىپ بېرىڭلار، بېرىش ـ كېلىشىدە مىنىپ كەلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى. زاھىد:

— ئەي پادىشاھىم، قېرىپ قالدىم، ئاتقا مىنەلمەيمەن، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا بىر تۆگە بېرىڭلار، — دېدى. زاھىد:

— ئەي پادىشاھىم تۆگە پۇرقۇپ كىيىممنى رەسۋا قىلىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا خېچىر بېرىڭلار، — دېدى. زاھىر:

— خېچىر يىقىتىپ ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا نېمە مىنەرسىز؟ — دېدى. زاھىد:

— ئېشەك مىنسەم، — دېدى. پادىشاھ دەرھال ئېشەك بەردى. زاھىد ئېشەكنى باغلىغىلى ئاغامچا تاپالماي سەللىسىنى بۇزۇپ باغلىدى. ئۇ ئەگەر ئېشەككە توقۇم توقۇماي

---

① سەۋمەئە: زاھىدلارنىڭ تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغان ئۆيى.

مىنسەم كىيىمىم رەسۋا بولىدۇ، ياكى يەرگە يىقىتىدۇ، دەپ مىنمەي يېتىلەپ يۈرۈپ نامازدىنمۇ قالدى ۋە ئېشەكنى سەللىسىدە باغلاپ بەش - ئالتە يىل ئۆتتى. پادىشاھنىڭكىگە ۋە باشقا يەرگە بارسا يېتىلەپ يۈرەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى پادىشاھنىڭكىگە ئېشەكنى يېتىلەپ كەلدى. پادىشاھ ئېشەكنى كۆرۈپ زاھىددىن:

— ئەي شەيخ، ئېشەكنىڭ توقۇمى قېنى؟ — دەپ سورىدى. زاھىد:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھەزرەتلىرى ئېشەك بېرىپتۇدىلە، توقۇم تاپالمىغاندىن مىنەي دەپ مىنەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ بۇ سۆزگە ھەيران قېلىپ:

— بۇ ئېشەكنى سىزگە بەرگىلى خېلى يىل بولدى، شۇ چاغقىچە مىنمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى زاھىد.

— مىنمىدىم، — دېدى. پادىشاھ:

— توقۇم بېرىڭلار، — دېدى. توقۇم بەردى. زاھىد كەتمەكچى بولۇپ توقۇمنى ئېلىپ دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قارىسا ئېشەك يوق. زاھىد ئېشەك تاپسام توقۇم يوق، توقۇم تاپسام ئېشەك يوق. بۇنى ماڭا نېسىپ قىلمىغان ئىكەن. پىيادە يۈرۈش پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن، دەپ پەرياد چېكىپ توقۇمنى يۈدۈپ ئۆزىنىڭ كۈلبىسىگە كەتتى.

پادىشاھ ھېكايىنى تاماملىدى ۋە ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، دۇنيا ئىشىغا مەغرۇر بولمىغىن، ئاخىرى ھالاكەتتۇر، دۇنيا يىغما، پايدىسى يوق. قەرزدارنى دۇشكەللىمىگىن، سەنمۇ قەرزدار بولۇرسەن. پۇلۇڭ بار كىشىنى كوچىدا تۇتمىغىن. سەن ھەم رەسۋا بولۇرسەن. بىر پۇل ئالساڭ ئاخىرەتتە يۈز پۇل بېرەرسەن، ناجىنس، يامانلارغا دوست بولمىغىن. ئەي پەرزەنتىم، سەن باشقىلاردىن ۋاپا ئىزدىمە، ئەگەر ئىزدىسەڭ ئۆز ئىشىڭدىن ئىزدە، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق. ئەگەر ۋاپاسى بولسا ئىدى، ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھاۋا ئانىمىزغا ۋاپا قىلماسمىدى. كىشىگە زىنھار دۇشمەنلىك قىلمىغىن. كۆڭلىنى ئالغىن، دوست بولغىن. بەزى يامانلار پۇلۇڭ بولسا دوست بولىدۇ. پۇلۇڭ تۈگىسە ھەممىسى تاشلايدۇ. ئۇنداق دوستقا ئىشەنمىگىن، قېرىلارغا دوست بولغىن. ئۇلار كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن. دۇنيا غەۋغاسى كۆڭلىدىن كەتكەن دوستتۇر. نادان دوستتىن ئاقىل دۇشمەن، ياش دوستتىن قېرى دۇشمەن ياخشىراق. ئەي پەرزەنتىم، بۇ نەسىھەتلەرنى زىنھار، زىنھار كۆڭلۈڭدىن چىقارمىغىن — دېدى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھالى تەڭ بولدى ۋە، — ئەي پەرزەنتىم، پادىشاھلىق تەختىنى ساڭا بەردىم، بەرقارار بولغىن. ئەگەر تەختتىن كېچەر بولساڭ ئۇكاڭغا تاپشۇرغىن، — دەپ جان تەسلىم قىلدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئاتىسىنىڭ تەزىيىسىدىن كېيىن تەخت - سەلتەنەتتە بەرقارار بولدى. قازارا بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ:

— يا پادىشاھى ئالەم، مەن قەرزدار ئىدىم، كېچە تاۋاپقا كېتىپ بارسام قەرزىنى قىستاپ تۇسۇۋالدى، مەن سودىگەر ئىدىم، كېيىدىن يانغاندا پۇلىڭىزنى بېرەي دېسەم ئۇنىمىدى، — دېۋىدى، شاھزادە دەرھال خەزىنىدىن پۇل بەردى ۋە:

— مېنىڭ كەبىگە بارمىقىم پەرز بولۇپتۇ. مۇشۇ ئادەم بىلەن مەككىگە بارسام بولغۇدەك، — دەپ، پادىشاھلىق تەختىنى ئۇكىسىغا بېرىپ، يولىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ كەبىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇكىسى ئاكىسىنى بەش كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ يىغلاپ قالدى. شاھزادە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يەتتى. سېپىللىرىنى ئاسمان بىلەن تەڭ سوقىقان بۇ شەھەرنى شەھىرى ئاشال دەر ئىدى. پادىشاھنىڭ ئىسمى شەھرىيار ئاشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇتپەرەس ئىدى. بۇ پادىشاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى ئاپتاپى تاجىزەر ئىدى. شاھزادە شەھەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ تاماشا بىلەن يۈرەتتى. بىر كۈنى بۇ قىز شەھەر ئارىلىدى. شاھزادىمۇ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز ماھى تەلئەت، جاننى تالان - تاراج قىلغۇچى، سەرۋى خىرامان، ھۆسنى پاراۋانغا كۆزى چۈشتى - دە، بىھوش بولغاندەك بولۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەلدىم بۇ شەھەر سارى، پەيكەرنى كۆردۈم،
جان ئالادۇر كۆزلىرى دىلبەرنى كۆردۈم.
كۆرسەمكى تاماشادا تۇرۇپتۇ ئاچىلىپ گۈل،
مەشرىق سارىدىن مىررىخ يامۇشتەرنى كۆردۈم.
يۈرۈپ دەريا ئىچرە ھەرسارى ئىستەپ ئۈنى،
غەۋۋاس كەبى يەنە بىر گەۋھەردىن كۆردۈم.
مۇنداغكى ئەجەب بىر گۈل رەئنانى تاپالماي،
قەددى سەرۋى، سەنەۋبەر كەبى ئەرئەرنى كۆردۈم.
رەئنايى جاھاندا كىچە - كۈندۈز بولۇپ ئىردىم،
ھەيران ئۇشۇل مەقسەدىمۇ ئەختەرنى كۆردۈم.

ئۇنىڭغا يەنە قارىغانىدى، ئۇ قىز كىرىپ كەتتى، شاھزادە ئەشۇ يەنە مەشۇق چىقارمىكىن دەپ گۆرىستانلىقتا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ جان ئاپتى، جاھان شاھى چىقمىدى. شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئول گۈلقەرارىم چىقمايدۇر ئەمدى،
جان مېھرىبانىم چىقمايدۇر ئەمدى.
تۇردۇم بولۇپ زار، كۆرسەم يۈزىن دەپ،
جانۇ جەھانىم چىقمايدۇر ئەمدى.
ئۆلسەم بۇلۇڭىدا يوقدۇركى پەرۋا،
رازى نىھانىم چىقمايدۇر ئەمدى.
يۈزىنى كۆرسەم ئۆلسەم كويىدا،
ئول ماھى يارىم چىقمايدۇر ئەمدى.
بىزار بولدۇم رەئنايى جاندىن،
كىم ئول نىگارىم چىقمايدۇر ئەمدى.

شاھزادە نالە - زار بىلەن سارايغا باردى. ھەممىسى شاھزادىنىڭ ھالىنىڭ ناھايىتى پەرىشانلىقىنى كۆردى ۋە شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ ھالىنى سورىدى. شاھزادە جاۋاب بەرمەي، «ئەمدى ماڭا يول بولمىدى، سىزلەر بېرىڭىزلەر، مەن بارمايمەن» دېدى ۋە ئۆز نۆكەرلىرىگە رۇخسەت بېرىپ: «ئۇكامغا مەندىن دۇئايى سالام دەڭلار، مېنى سورىسا دەريادا غەرق بولدى دەڭلار» دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شەھرى قەندىگە ياندى. كەبىگە بارىدىغانلار كەبىگە ماڭدى. شاھزادە يىغلا - يىغلا بۇ يەردە قالدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەن يار تەسەددۇقىغە كەئبەنى قويدۇم،
ئول كەئبەكى يۈزىڭ ئىلە تۈھپەنى قويدۇم.
كىرپىك ئوقىدا ئاتساڭ گەر بولسۇن نىشانە،
جانىمنى تەسەددۇق ئەيلەپ مەن سىينەنى قويدۇم.
بۇ ئالەم ئارا مەنكى ھەيرانە بولۇپمەن،
باشىمدىن ئاياق چۆرۈلۈر سىينەنى قويدۇم.
رەئنايى جاھان ھەسرەتى ۋەسلىڭغە يانىپمەن،
ئىشق ئاتەشىدا چىققىلى پايى زىينەتى قويدۇم.

ۋە يىغلاپ ـ يىغلاپ شۇ گۆرۈستاندا ياتار ئىدى. نۆۋكەرلەر بولسا «پۇل ـ مالنى پۈختىلاپ قويۇپ، سەپەر قىلغان ئىدۇق، شاھزادە دەريادا غەرق بولدى» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادىنىڭ ئۆكىسى بۇنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلاپ، ئەمدى ماڭا تەختنىڭ نېمە كېرىكى، ئاكامنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ دەپنە قىلاي. ماتىمىنى تۇتاي، دەپ ماڭدى. ئەمىر ـ ئۇمەرا، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار يىغلىپ سەۋر قىلىشنى ئېيتىپ ماڭغىلى قويمىدى. ئەمما، شاھزادە بولسا «ئۇكام مېنىڭ ھاياتلىقىمنى ئاڭلىسا، مېنى ئىزدەپ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ئېلىپ كېتىدۇ» دەپ بازارمۇ بازار، كوچىمۇ كوچا كېزىپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ يۈرەر ئىدى. ئۇ قازارا بىر يەرگە يېتىپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئاتام شاھ ئەردى تەقدىر قىسمىتىدىن مەن گەدا بولدۇم،
كۆرۈپ مەن ئاپتابى زەر جەمالىن ئاشىنا بولدۇم.

ۋە كوچا دوقمۇشىدىكى تۈۋرۈككە پۈتۈپ قويۇپ كەتتى. بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ قىزىنىڭ ئىسمى بار بىر شېئىرنىڭ پۈتۈكلۈك تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ شېئىرنى مېنىڭ قىزىمنىڭ ئىسمى بىلەن كىم ئېيتتى؟ — دېدى. نۆۋكەرلەر:

— بۇ شەھەردە بىر يىگىت پەيدا بولدى، ئۇ ناھايىتى كاتتا شائىر ئىكەن، — دېيىشتى. پادىشاھ:

— شۇ كىشىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. نۆۋكەرلەر شاھزادىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە «سىزنى پادىشاھ چاقىرىدۇ» دېدى. شاھزادە نۆۋكەرلەردىن:

— پادىشاھ مېنى نېمە قىلغۇدەك، — دەپ سورىۋىدى، نۆۋكەرلەر:

— پادىشاھ قىزىمنى بېرەي دەيدۇ، — دېدى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— پادىشاھنىڭ قىزىنى نېمە قىلاي، ئەگەر بەرسە ئاپتابى تاجىزەرنى بەرسۇن، — دېدى. نۆۋكەرلەر:

— دەل شۇ قىز پادىشاھنىڭ قىزى، — دەپ جاۋاب بەردى. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. پادىشاھ:

— پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. بۇلار شاھزادىنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كىردى. پادىشاھ سورىدى:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى. شاھزادە:

— بىر ۋەيرانىدىن كەلدىم، — دېدى. پادىشاھ:

— نېمىشقا كەلدىڭ، — دېدى. شاھزادە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قىزىمنى بېرىمەن دەپتىكەنسىز، شۇنىڭغا كەلدىم، — دېدى. پادىشاھ:
— سەن مېنىڭ قىزىمغا ئەمەس، باشقا بىرسىگە ئىشقىڭنى بەرگىن، — دېدى. شاھزادە:
— بۇ شەھەر كىمنىڭ؟ — دېدى. پادىشاھ:
— مېنىڭدۇر، — دېدى. شاھزادە:
— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ قىزىڭىزغا كۆيەرمەن، — دېدى. شاھزادىنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا تەسىر قىلدى.
ئۇ: قېنى ئەمدى قىزىمغا كۆيسەڭ قىزىمنىڭ تەئرىپىنى قىلغىن، — دېدى. شاھزادە:
— قىزىڭنى بىر كۆرسەم ئىدى، ئاندىن تەئرىپىنى قىلسام، — دېدى. پادىشاھ:
— ئاۋۋال تەئرىپ قىلغىن، كۆيگەن بولساڭ ئاندىن كۆرسىتەي، — دېدى. شاھزادە بۇ قىزنى تەئرىپلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن قىزىڭغا كۆيدۈم دېسەم پادىشاھىم باۋەر ئەمەس،
بىر قىزى باردۇر پەرىزادتۇر گويا، دۇختەر ئەمەس.
ئول جەمالىدىن جەھاننى رەۋشەن ئەيلەپ قىلدى نۇر،
ياكى مەشرىقدىن تۇغۇلغان مېھرى مۇنەۋۋەر ئەمەس.
نې ئەجەبدۇر قەسرىنىڭ ئۈستىدە كۆردۈم ئول پەرى،
يۈزلىرىدە دانە — دانە ياقۇتىل ئەھمەر ئەمەس.
لەبلەرى لەئلى بەدەخشانەدەك تۇرۇپتۇر ئوت يانىپ،
ئىلكى شىرىندۇر ئۇنىڭدىن شەھدۇ يا شەككەر ئەمەس.
نىش ئۇرۇپ ئىككى ياندا گەنجىنى ساقلارمىكىن،
قورقۇتۇپ ئىشق ئەھلىنى ئول دەۋزەخى ئەژدەر ئەمەس.
كۆزلەرى زەھەر ساچىپ رەئنايىنى ئۆلتۈرگەلى،
رەھم ئېتەرنى ئىزدىمە، ئول رەھملىغ دىلبەر ئەمەس.

دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. پادىشاھقا ئۇنىڭ بېيىتلىرى تەسىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «مېنىڭ شۇنچە لەشكىرىم تۇرسا، شۇنچە خالايىقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ قىزىمغا كۆيدۈم دېسە، بولامدۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇڭا پەرمان قىلىپ: «بۇنى پالان شەھەردىكى پالان پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، زۇلۇم بىلەن ئوتۇن توشۇتسۇن. مېنىڭ قىزىمغا كۆيگەنىنىڭ جازاسى مۇشۇ» دېدى. شاھزادە:
— ئەي پادىشاھ، سەن مېنى شادىمان قىلدىڭ، ھەر كىشىگە زۇلۇم جاپا يەتمەي، بار ۋەسلىگە يەتمەس، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ماڭا ئول دىلرەبايىمدىن بەسى نۇرغۇن جەفا كەلدى،
ئانىڭ ۋەسلىن كۆرەرمەنكىم ماڭا رەھمى خۇدا كەلدى.
تولا يىغلاماكىم زىنھار ئەگەر بىچارە ئاشىقسەن،
نېچۈك جەۋرى — جاپا ئېرمەس، خۇدايىمدىن قەزا كەلدى.
كى رەئنايى ئوشۇل يار ۋەسلىگە يەتمەك بەسى مۇشكۇل،
ئېرۇر مۇمكىنكى ھەر ئاشىق دېگەي ئەمدى بەلا كەلدى.

نۆكەرلەر شاھزادىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. شاھزادە بىر شەھەرگە يەتتى. بۇ شەھەر شەھرىيار ئاشالغا تەۋە ئىدى. شاھزادە سۆزلىگەندە ئاپتابى تاجزەر جاھاننەمادا ئاڭلاپ تۇراتتى. شاھزادىنى بولسا كۆرەلمەيتتى. ۋە «ماڭا كۆيگۈچى قانداق كىشى ئىكەن، بىر كۆرسەم ئىدى» دەپ ئارمان قىلاتتى. ئاخىر شاھزادىنى پادىشاھنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ شاھزادىنى ئوتۇن توشۇغىلى سالدى ۋە «ئوردىغا كۈندە مۇنچىلىك ئوتۇن ئەكېلىپ ئۈلگۈرتۈپ بەرسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شاھزادە نەچچە كۈن ئوتۇن توشۇغاندىن كېيىن بىر كۈنى كېچىسى ئوتۇنلۇقتا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئازراقمۇ ئوتۇن قالمىغانلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىراق بىر ئوتۇنلۇق بار، شۇ يەردىن ئېلىپ كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شاھزادە بۇ ئوتۇنلۇقتا باردى. چۈشكە قالماي بىر يول ئوتۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «يىراقتىن ئىككى قېتىم ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كۈندە ئىككى قېتىم ئېلىپ كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شاھزادە بۇ جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن توشۇپ يۈرەتتى. شاھزادە ئاپتابى تاجزەرنى ئەسلەپ نالە ـ ئەفغانلار بىلەن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

ئەي يار، ئىشقىڭ كۆڭلۈمگە چۈشتى،
ھىجران ئارا بالالار باشىمغە چۈشتى.
ھىجران شولىسى تەنگە تۇتاشتى،
كۈلپەت ـ جەفالار باشىمغە چۈشتى.
بۇ كونا دۇنيا دۈشمەن بولۇپتۇ،
سەۋدايى مېھرىڭ باشىمغە چۈشتى.
ئىنايى جاھاننى كۆرۈڭلار،
بۇ جاڭگالى ۋەيرانلەرگە چۈشتى.

دەپ يىغلاپ بىھوش بولدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىۋاتسا، بىر نەچچە قاراقچى پەيدا بولۇپ شاھزادىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە تەييارلاندى. شاھزادە قاقاقلاپ كۈلدى. قاراقچىلار ھەيران قالدى ۋە:

— بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسە نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن ئۆلگىلى بەش يىل بولدى، شۇندىن بۇيان كۈندە مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىمەن، — دېدى. قاراقچىلار:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن پادىشاھ ئاشالنىڭ قۇلىمەن، كۈندە ئوتۇن توشۇيمەن، ئەمدى سىنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدىم، — دېدى. قاراقچىلار:

— بۇنى ئۆلتۈرگىنىمىز بىكار ئىكەن، بۇ پۇل ئىكەن، — دېيىشىپ، چوڭ شەھەرلەرگە ئېلىپ ماڭدى. سەپەر ئۈستىدە قاراقچىلار ئوۋغا چىققانىدى، شاھزادە بىلەن بىر قاراقچى بوراندا ئېزىپ كەتتى ۋە ئاچلىق ـ تەشنالىقتا يۈرۈپ، بىر سودىگەرگە ئۇچرىدى. قاراقچى ئاچلىق ـ تەشنالىقتا شاھزادىنى سودىگەرگە سېتىپ، نان ـ سۇ ئېلىپ يەپ ـ ئىچىپ، يولىغا راۋان بولدى. قاراقچىنىڭ خىيالىدا ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ كارۋان ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ ھەممىنى ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. شاھزادە سودىگەرگە:

— مەن بۇ قاراقچىنىڭ قۇلى ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مەن

پادشاھنىڭ قۇلى دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئامان قالدىم. بىز بۇ يەردىن كەتمىسەك قاراقچىلار بۇ يەرگە كېلىپ بىرىڭلارنىمۇ تىرىك قويمايدۇ، — دېدى. سودىگەر:

— بايا نېمە ئۈچۈن بىزگە دېمىدىڭ؟ ئۇ قاراقچىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەر ئىدۇق، سەنمۇ سېتىلماس ئىدىڭ ياكى سەن بۇ يەرگە كەلمىسەڭ بىز قاراقچىلارغا ئۇچرىماس ئىدۇق. ئەمدى سېنى ئۆلتۈرىمىز، — دېدى. شاھزادە:

— مېنى ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلساڭلار مەيلىدىغۇ، مېنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتالمايسىلەر. ئۆلۈم ماڭا ھەممىدىن ئوبداندۇر، ئاشىق كىشى ئۆلۈمدىن نېمىشقا قورققۇدەك. ئاشىق كىشى ئۆلۈمدىن قورقسا، توخۇ داندىن قورققاندەك بولمامدۇ. ئۆلۈمدىن قورققان ئاشىق ھەرگىز مۇرادىغا يەتمەس، ئەگەر ئۆلتۈرەر بولساڭلار پۇلۇڭلارغا زىيان، — دەپ مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

بى رەھىم قاراقچى مېنى سودىگەرلەرگە ساتتى،
ئۇ مېنى ئۆلتۈرگىلى بېشى قاتتى.
يۈز شۈكرى دېدىم بەلكى مۇسۇلمانغا چۈشەرمەن،
بول زالىم بىچارە يېتىم جىسمىنى قىينايتتى.
كۆڭلۈم ئوتى بىسيار كۆيۈپ ھەم ئۆرتەر،
بۇ ئاتەشى ھىجران ئىچىگە مېنى ئاتتى.
ئۇ دىلبىرى رەئنايى دۇنيادا ستەمكاردۇر،
ئول قادىرى قۇدرەت بىلەن بىرنى بىرگە ياراتتى.
رەئنايى جەھاندار مەمە ھىجرانغا چۈشۈپتۇر،
ئەۋۋەلدە بۇ مەيى ئىشقتىن بىر قەترەنى تاتتى.

ۋە زار يىغلاپ بىھوش بولدى ۋە يەنە ھوشىغا كېلىۋېدى، كارۋانلار شاھزادىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئويغا چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا قاراقچىلار تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. شاھزادە:

— ھەممىڭلار قولۇڭلارغا سىيرىتماق ئېلىڭلار. قاراقچىلار سىيرىتماقنى كۆرگەن يەردە تۇرالمايدۇ، — دېدى. كارۋانلار ھەممىسى قوللىرىغا سىيرىتماق ئېلىۋالدى. قاراقچىلار: «بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سىيرىتماق بار ئىكەن. بۇلارغا كۈچىمىز يەتمىگۈدەك» دەپ ھەممىسى قېچىپ كەتتى. كارۋانلار قاراقچىلاردىن ناھايىتى ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتتى. قاراقچىلار ئالدى - كەينىگە باقماي قاچقانلىقتىن، بىرىنىڭ ئوقياسى، بىرىنىڭ دوبۇلغىسى، بىرىنىڭ تەلپىكى، بەزىسىنىڭ شەمشەرلىرى چۈشۈپ قالدى. كارۋانلار شاد - خۇرام بولدى. شاھزادىنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى ھەممە كارۋان ئەھلىگە تەسىر قىلدى. ھەممىسى خىجىللىقىدىن ئۆزرىلەر ئېيتتى. شاھزادە ئاپتاب تاجىزەرنى ياد ئېتىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

تاپمادىم ئوشبۇ جاھاندا ئەي نىگارىم، قايداسەن،
خۇشلۇقۇم، خۇشۋاقلىقىم، ئارامى جانىم، قايداسەن،
ئىزدىدىم ئۈمىد قىلىپ، ھەرباره، جانىم، قايداسەن،
كۆڭلۈم ئىچرە ئوتنى سالغان جانى جانىم قايداسەن،
بەلكى جان يوقتۇر، ماڭا روھى رەۋانىم قايداسەن؟

سەنسىزىن، ئەي مەھۋەسىم بۇ خەستەدە جان قالدىمۇ،
بۇ جەھان سەن يوقلۇقىڭدىن ھېچبىر ئىمكان قالدىمۇ،
خەستە جان بەردىم ئامانلىق ھېچ دەۋران قالدىمۇ،
ئۆزگەلەر بولغان بىلەن، ئول يارى جانان بولدىمۇ،
خۇرشىد خاۋەر كەبى نۇرى جەھانىم قايداسەن؟

كۆرمىسەم سەندەك پەرىنى ئاشىنا بولماس ئىدىم،
فۇرقەتىڭدە مىلىڭ بالاغا مۇبتەلا بولماس ئىدىم،
ئۇشبۇ ئىشقىڭ ئاتەشى بىرلە ئادا بولماس ئىدىم،
نەيلەيىن مەن مۇبتەلا شامۇ ـ سەبا بولماس ئىدىم،
شاجى چىن ما چىن، خۇراسان، ئەندىجانىم قايداسەن؟

سەندىن ئۆزگە بۇ جەھان بەرگىدە بىرگۇل قالدىمۇ،
كۆزلەرى گەۋھەر كەبى يا ساچى سۇنبۇل قالدىمۇ،
ئۆرتەمەي ھىجران ئوتى كۆيگەلى بۇلبۇل قالدىمۇ،
ئۆلمەگەن ئىشقىڭدا بىر مەن خەستەئى قۇل قالدىمۇ،
ھالىمە رەھم ئەتكۇچى ئول گۇل ئۇزارىم قايداسەن؟

بۇ مېنى زار ئەتكۇچى ئول رەھمىسىز دىلداردۇر،
ئۇشبۇ تۇرلۇك زۇلملا قىلغان ماڭا ئول ياردۇر،
ئول نىگارىم كويىدا يۇرگەن كىشى بىسياردۇر،
كۆزلىرى نەرگىس مىسالى يۇزلىرى گۇلزاردۇر،
ئۇشبۇ رەئنانىڭ خۇمارى، ئەي نىگارىم قايداسەن؟

ۋە يىغلا ـ يىغلا بىر نەچچە كۇن يول يۇرۇپ بېلىقچىلار شەھىرىگە يەتتى ۋە بۇ شەھەردە نەچچە كۇن تۇردى. سودىگەرلەر:

— ھەي يىگىت، سىزنى بىزنىڭ قۇلىمىز دېگىلى تىلىمىز بارمايدۇ، قەيەرگە بېرىشنى خالىسىڭىز شۇ يەرگە بېرىڭ، — دېدى. شاھزادە:

— ئۇنداق بولسا مېنى سېتىڭلار، خۇدايىتائالا قۇللۇقتىن خالاس قىلار، سىزلەرگە مەن قۇلدۇرمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنى بىر بېلىقچىغا ساتتى. شاھزادە بېلىقچىلار بىلەن نەچچە كۇن دەريادا بېلىق تۇتتى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

شاھ ئوغلى تەقدىر شۇ قۇللۇققا سېتىلدىم،
رەئنايى بۇ دىۋان ئىشلارىدا بارچەنى بىلدىم.
قىلدى مېنى دىۋانە بۇ فەلەكى دەۋران،
ۋەسلىڭ مەيىنى بىر نۇش قىلماي مېھنەتكە يىقىلدىم.
بەرباد ئېتەرەم جانىمنى كۆرمەك ئۇچۇن ئانى،
ھىجران تىغىدا باغرىمنى كۇچ بىلە تىلدىم.
ئىسيان ئارا بىسيار گۇناھلار تولا قىلدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ غارى ئىسيان ئارا مەن ئەمدى تىقىلدىم.
بىچارە رەئنايى جەھاندار يۈگۈرۈپ ھەريان،
ۋەسلىڭغە يېتەلمەي سىنىڭ ئوتۇڭغا يېقىلدىم.

بېلىقچى بىلەن شاھزادە كۈندە بىرىپ دەريادىن بېلىق تۇتار ئىدى. بىر كۈنى چوڭ بىر بېلىق تورغا چۈشۈپ قېلىپ شاھزادە بىلەن ئۈچ كىشىنى دەرياغا سۆرەپ چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئۈچ كىشى دەريانىڭ قىرىغا چىقىۋالدى. شاھزادە بولسا ئېقىپ كەتتى. بۇ دەريانىڭ تۆۋەن بويىدا بىر زاھىد بار ئىدى. شاھزادە شۇ زاھىد تەرەت ئالىدىغان يەرگە چىقتى. زاھىد شاھزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بىرىپ، ئوبدان باقتى. شاھزادە ھوشىغا كېلىپ ئويان - بۇيان ماڭغۇدەك بولغاندا زاھىد ئۇنىڭغا سۇ توشۇتتى. بىر نەچچە ئۆتكەندىن كېيىن زاھىد:
— ئەي بالا، سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— مەن تۇپراق، — دەپ جاۋاب بەردى. زاھىد:
— تۇپراق ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، لېكىن قانداق كىشى دەپ سورىدىم، — دېدى.
شاھزادە:
— مەن پېقىر كىشى، — دېدى. زاھىد:
— پەقەت ھېچنەرسەڭ يوق قايدىن كەلدىڭ، — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— ئادەم مۈلكىدىن كەلدىم، — دېدى. زاھىد:
— قايسى شەھەردىن چىقتىڭ، — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— سىز دەريا بويىغا تەرەت ئالغىلى بارغاندا سۇدىن چىقتىم، — دەپ جاۋاب بەردى.
زاھىد خاپا بولدى ۋە: «بۇ شۇم يېتىم ئىكەن، دەريادا ئۆلۈپ قالسىمۇ بوپتىكەن. بۇنىڭغا مەن رەھىم قىلىپ سۇدىن سۈزۈۋالسام، ماڭا بىپەرۋالىق قىلدى» دەپ ئويلاپ:
— ئۇنداقتا سەن سۇ خەلقىمۇ، — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— مەن سۇ خەلقى، سەنمۇ سۇ خەلقى بولماي شەپەرەڭمۇ؟ — دېدى ۋە مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

مېنى ئازغۇرىمەن دەپ يۈرۈر بىزابىتان زاھىد،
بۇ گۇناھ ئىچرە يۈرۈر دەۋزىخى جەھان زاھىد.
ئانىڭكى تىلى بەلكى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشار،
ئاغزىنى نەبرىتىبان ياكى ئول يىلان زاھىد.
ئانىڭكى ئۆلگەنىدىن گەر كىشى خەبەر بەرسە،
بىرۇرمەن ئول كىشىگە يۈز تۈمەنكى جان، زاھىد.
نىمەرسە بەرسە كىشى، قوللىرىنى ساماغا تۇتۇپ،
قىلۇرمۇ دەپ يانا جەيرى دۇئايا، مان زاھىد.
مۇنىڭ ئاتىنى تۇلا قىلما ياد رەئنايى،
ئانىڭكى سۆزىدە مەن بولغايمەن خەزان، زاھىد.

زاھىد:
— مېنىڭ بىلەن مۇنچىۋالا جېدەللىشىپ نېمە ئىشىڭ بار. نېمە ئالارسەن؟ — دېدى.
شاھزادە:

— جان ئالۇرمەن، — دېدى. زاھىد:

— ھاسامنى بېرەي باشقا يەرگە كەتكىن، — دەپ يالۋۇردى. شاھزادە:

— مەن تاياق تۇتقىلى قويچى ياكى پادىچى ئەمەسمەن، — دېدى. زاھىد:

— سەللەمنى بېرەي، ئاتاڭ ھەققى ئۇچۇن باشقا يەرگە كەتكىن، — دېدى. شاھزادە:

— مەن شەيتان ئەمەس، سەللە بېشىمغا ياراشمايدۇ، — دېدى. زاھىد:

— ئۇنداق بولسا، كەش - مەسەمنى بېرەي، — دېدى. شاھزادە:

— مەن يىلقىچى ئەمەس چورۇق كىيگىلى، ئاشىقنىڭ ئايىغىغا تىكەن سانجىماس، — دېدى. زاھىد:

— ئۇنداق بولسا پەرىجەمنى بېرەي، — دېدى. شاھزادە:

— مەن ئەر كىشىدۇرمەن، ھەرگىز خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى قىلماسمەن، پەرىجىنى خوتۇنلار كىيىدىغان نەرسە، — دېدى. زاھىد:

— ئۇنداق بولسا تەرەت ئالىدىغان بىر ئاپتۇۋام بار، شۇنى بېرەي، — دېدى. شاھزادە:

— ئۇنداق نېمىدىن مەندىمۇ بار، سۇيى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ ۋە تۆكۈلمەيدۇ، ئۇنىڭغا نۆۋەت يوق، لازىم بولسا ساڭا بېرەي، — دېدى. زاھىد:

— بىر جايىنمازىم بار، شۇنى بېرەي. بىر يەردە ياتساڭ ئاستىڭغا سېلىپ ياتارسەن، — دېدى. شاھزادە:

— مەن شەيتان ئەمەس سېنىڭ جايىنامازىڭنى بويىنۇمدا يۈدۈپ يۈرگىلى. ئاللاتائالا مېنى ئازاد يارىتىپتۇ. ئۆزۈم شەيتان بولىمەنمۇ؟ — دېدى. زاھىد شۇنداق خاپا بولدىكى، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرەي دېسە مۇسۇلمانچىلىقتا خىلاپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرەي دېسە، ناھەق قان تۆكۈلگۈدەك. شۇڭا زاھىد:

— ئەي يېتىم، ئاتا - ئاناڭنىڭ ھەققىگە باشقا يەرگە كەتكىن، — دېدى. شاھزادە:

— ئاتا - ئانامنىڭ ھەققى مۇشۇ ئىدى. ئەلھەمدۇلىللاھ مۇرادىمغا يەتتىم، ئاتا - ئانام ئەگەر بىر زاھىدنى تاپساڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچە كۈرەش قىل دېۋىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىماي باشقا يەرگە كەتسەم ھېرىپ قالىمەن، — دېدى. زاھىد:

— مېنىڭ بىر ئېشىكىم بار. شۇنىڭغا مىنىپ بارغىن، — دېدى. شاھزادە:

— ئېشەك مېنى يىقىتىۋېتىدۇ ۋە ياكى بولمىسا سەن بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ تارتىۋالغان ئېشەك بولۇشى مۇمكىن، مېنى بالاغا قويماي دەمسەن؟ — دېدى. زاھىد:

— سال باغلاپ بېرەي، دەريا بىلەن بارغىن، — دېدى. شاھزادە:

— سەن مېنى ئۆلتۈرەي دەپ شۇنداق دەمسەن؟ مەن دەرياغا غەرق بولىمەن. سەن غەرق بولغان كىشىنىڭ گۆشىنى تولا يەپ سەمرىپسەن. مېنىمۇ يەيمەن، دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى. زاھىد:

— دەرياغا غەرق بولۇپ ئېقىپ كەلگىنىڭدە ئۆلمەپسەن، ھازىر ئۆلەرسەنمۇ؟ — دېدى. شاھزادە:

— سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ، سېنى خاپا قىلغىلى ئۆلمىگەن ئىدىم، — دېدى. زاھىد:

— ئۇنداق بولسا، بۇ دەريانىڭ ئايىغىدا بىر زاھىد بار. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن، — دېدى. شاھزادە:

— ئۇ سېنىڭ ئۇكاڭدۇر. ئىككىڭلار بىرلىشىپ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ سەندەك كىشىنى تاپتىم، ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدى. زاھىد:

— سېنى دەريادىن تارتىپ ئالمىسام بوپتىكەن، ئەمدى مەن بېشىمغا بالا تېرىدىم، — دېدى. شاھزادە:

— ئىككى تۈرلۈك كىشى دائىم ئۆز بېشىغا بالا تاپۇر. بىرى بېخىل كىشى. ئىككىنچى ساڭا ئوخشاش سۆزى يامان كىشى، — دېدى. زاھىد:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سېنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرغۇچە تۈگۈز بىلەن بىر يەردە تۇرغان ياخشىدۇر، — دېدى. شاھزادە:

— ھەر نېمە ئۆز جىنسى بىلەن تۇرغىنى خوپ، — دېدى. زاھىد ئاچچىقىغا چىدىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شاھزادىنى كۆتۈرۈپ يەرگە باستى ۋە خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا شاھزادە يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاسساپچىلىقنى ياخشى بىلىدىكەنسەن، ئۇستاڭغا رەھمەت. ئالدى بىلەن مېنىڭ پۇت - قولۇمنى باغلا. ئەگەر مېنىڭ بىر تامچە قېنىم دەرياغا تامسا، دەريا سۈيى مەۋج ئۇرۇپ ھەممە تاغلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ. سېنىمۇ قوشۇپ ھالاك قىلىدۇ. ئەمدى ساڭا نەسىھەت شۇكى، مېنىڭ گۆشمنى پىشۇرماي يېگەيسەن. چۈنكى، مېنىڭ تېنىم ھىجران ئوتىدا پىشىپ كاۋاپ بولغان. ئەگەر يارىم جامالىنى كۆرسەم مەقسىتىمگە يېتەر ئىدىم، — دېدى. زاھىد ئاچچىقى بىلەن خەنجەرنى شاھزادىنىڭ كۆكسىگە تەڭلىدى، شۇ چاغدا ھېلىقى بېلىقچى شاھزادىنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. زاھىد ئارقىسىغا قاراپ بېلىقچىنى كۆردى ۋە خەنجەرنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى. بېلىقچى:

— ئەي زاھىد، نېمە ئۈچۈن ناھەق قان تۆكىدىغان مۇنداق ئىشلارنى قىلىسەن؟ — دېدى. زاھىد ناھايىتى بەك خىجىل بولۇپ:

— بۇ شۇم يېتىم مېنى رەسۋا قىلىپ تېرىكتۈردى. ئاچچىقىمدا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدىم. سىز يېتىپ كەلدىڭىز. ئەمدى مېنى سىز بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرسىڭىز، — دېدى. بېلىقچى:

— ئەي زاھىد، ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ، ئورنىغا سېنى ئۆلتۈرەر ئىدىم. بۇ مېنىڭ قۇلۇم. سېنى مۇشۇ كەمگىچە پىر ئۇستاز تۇتۇپ چوڭ بىلىپ، «زاھىد» دەپ ئېتىبار قىلار ئىدۇق. يالغۇز ئادەم كەلسە تۇتۇپ يېگىلى مۇشۇ يەردە ياتىدىكەنسەن، — دېدى. زاھىد خىجىل بولۇپ ھېچ گەپ تاپالمىدى. بېلىقچى:

— ئەي دوست، قايان بارماقچى ئىدىڭ، — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەجمەئۇلبەھرەينگە بارماقچى ئىدىم. ئەمما بۇ زاھىد مېنى ئاۋارە قىلىپ بارغىلى قويمىدى، — دېدى. بېلىقچى:

— ئۇ يەردە سېسىق ئاتا - ئاناڭ بارمىدى؟ مېنىڭ قۇلۇم تۇرۇقلۇق، سۇدىن چىققاندىن كېيىن نېمە دەپ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدىڭ؟ — دېدى. شاھزادە:

— ئاتا - ئانام يوق، ئەمما ئۇلاردىن ئوبدانراق ئادەملەر بار. ئۇلار خىزىر بىلەن ئىلياس، — دېدى. بېلىقچى:

— ئۇ يەرگە نېمە ئىشقا بارىسەن؟ — دېدى. شاھزادە:

— سۇدا ئاقماسلىقنى شۇلاردىن ئۆگىنىپ كېلىپ، ئاندىن بېلىق تۇتسام ئاسان بولاتتى، — دەپ تۇرۇشىغا ھېلىقى ئوتۇن توشۇغىلى قويغان كىشى كېلىپ:

— سەن يوقاپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى، ئۇشبۇ زاھىدقا سەدىقە بەرسەم، دۇئا قىلسا تېپىلۇرمىكىن دەپ كېلىۋىدىم، ئىزدىگەن ئادىمىم تېپىلدى، — دەپ خۇشال بولدى ۋە:

— ئەي دوست قەيەرگە قايتماقچى ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— شەھىرى ئاشالغا بارۇر ئىدىم، — دېدى ۋە بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. شۇ چاغدا دەريادىن بىر ئادەم ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. قارىسا شاھزادىنى كارۋانلارغا ساتقان ھېلىقى قاراقچى ئىكەن. ئۇنى دەريادىن تارتىپ چىقىرىۋېلىشتى. قاراقچى بىر قاراپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى. بۇلار «بۇ ئەجەب ئىشقۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بولسىمىسا نېمىشقا قاچىدۇ؟» دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كەلدى ۋە قېچىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ:

— مېنىڭ ئاتام، مۇشۇ دەريادا بېلىقچىلىق قىلاتتىكەن، مېنى قاراقچىلار تۇتۇۋېلىپ

ئېلىپ قېچىپتىكەن، — دېيىشكە بېلىقچى قاراقچىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ:

— خۇدايىتائالا ماڭا باشقىدىن پەرزەنت ئاتا قىلدى، — دەپ يىغلىدى. بۇ قاراقچى دەل بېلىقچىنىڭ ئوغلى ئىدى. بىر كۈنى بېلىق تۇتقىلى چىققاندا ئۇنى قاراقچىلار تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەندى. بېلىقچى: «ئەگەر ئوغلۇمنى خۇدايىتائالا مەن بىلەن تىرىك يۈز كۆرۈشتۈرسە، بۇ قۇلنى ئازاد قىلار ئىدىم» دەيتتى ۋە شاھزادىنى شۇ ھامان ئازاد قىلدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بېلىقچى شاھزادە بىلەن يەنە بىر كىشىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مېھمان قىلىپ يولغا سالدى. بۇلار يولدا كېتىۋېتىپ بىر توپ كارانلارغا ئۇچراپ قالدى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى كارۋان ئەھلىگە بايان قىلىۋىدى، ھەممەيلەن ھەيران قالدى. ئۇلار ئاشال تەرەپكە سەپەر قىلدى. كارۋانلار بولسا شەھىرى قەرىنگە ماڭدى. ئەمما، شاھزادىنىڭ ئىنىسى غەم ـ غۇسسىسىدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى ۋە ھەرقانداق يەردىن كاران كەلسە ئاكىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلاتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ كارۋان شەھەرگە يېتىپ باردى. پادشاھ كارۋانلارنى چىللاپ ئۇلاردىن شاھزادە توغرىلىق سورىدى. بۇلار «ئۇنداق كىشىنى كۆرمىدۇق ۋە ئاڭلىغىنىمىزمۇ يوق» دېيىشىپ يېنىپ چىقتى. كارۋان بېشىنىڭ بىر قۇلى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەتتىكى، «يولدا ئۇچرىغان ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى شۇ بولمىسۇن يەنە، چۈنكى ئۇ چىرايلىق ھەم ئاپتابتەك بىر ئوغۇل ئىدى. يەنە تېخى چىرايى مۇشۇ پادشاھقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش» دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھىم، ھەزرەتلىرىنىڭ قېرىنداشىنى مەن بىلىمەن، مەن ئۇنى كۆردۈم، — دېدى. پادشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تەخت ئۈستىدىن ئۆزىنى تاشلاپ، قۇلنى تەختكە چىقاردى ۋە ئۇنىڭدىن بولغان ئىشلارنى سورىدى. قۇل:

— پادىشاھى ئالەم، پالانى يەردىن كېلىۋاتاتتۇق، ئىككى ئادەم ئۇچرىدى، ئۇلار يالاڭ باشتاق بولۇپ كىيىم ـ كېچەكى يالاڭ، ئۇلارنىڭ بىرى شۇنداق خۇش خۇي ۋە ساھىبجامال، قامەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتىنى «رەئنايى جاھان» دەيدىكەن. ئۇلار شەھىرى ئاشال تەرەپكە كەتتى، — دېدى. پادشاھ دەرھال: «ھەممە سودىگەرلەر بۇلارغا بازار بەرسۇن، باشقا سودىگەرلەر مال ساتمىسۇن.» دەپ يارلىق چۈشۈردى ۋە ئۇ قۇلنى خوجىسىدىن سېتىۋېلىپ خەزىنىدار قىلدى. پادشاھ ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن مۇقەددەس بارگاھلىرىنى تەۋرىتىپ دەبدەبىلىك ھالدا شەھىرى ئاشال تەرەپكە راۋان بولدى. دەل شۇ چاغدا شاھزادە بىلەن ھېلىقى كىشى ئوتۇن توشۇغىلى سالغان پادشاھنىڭ شەھىرىگە بارسا، ھەممە ياقنى لەشكەر قاپلاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلار «بۇ يەردىن كېتەيلى» دېيىشىپ، شەھەردىن چىقتى.

ئىشتىمەك كېرەككى، مەغرىب دىيارىدا بىر پادشاھ بار بولۇپ، ئىسمى ئەمۇر زەڭگى ئىدى. لەشكىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئىدى، ئۇ ئاشال پادشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ماڭا باج تاپشۇرسۇن. ئەگەر ئۇنىمىسا يۇرتىنى ۋەيران قىلۇرمەن» دېگەن سۆزلەرنى بايان قىلدى. پادشاھ ئاشال: «مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام ساڭا باج بەرگىنى يوق. مەن ھەم ئۇلارنىڭ ئىزىدىن چىقمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئەلچىلەرنى قايتۇردى. بۇ پادشاھنىڭ ناھايىتى كۆپ لەشكىرى بار ئىدى. پادشاھ قەرىن لەشكىرى بىلەن ئۇنىڭ شەھىرىنى قورشىۋالدى. شاھزادە بىلەن ھېلىقى كىشى يول تاپالماي شەھەرگە كىرەلمەي يۈرەر ئىدى. پادشاھى قەرىننىڭ لەشكەرلىرى ھەممە كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ شۇ يەرگە بارگاھ تىكتى. ھېلىقى ئىككى كىشى شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرەر ئىدى. پادشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئىككى كىشىنى تۇتۇپ كەلدى ۋە سوراق قىلدى. پادشاھقا قارىغۇدەك بولسا ئۇلارنىڭ بىرى شاھزادە رەئنايى جاھان ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى ۋە ھوشىغا كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، ئاخىر شەھىرى قەرىنغە ياندى. شاھزادە ئاكا ـ ئۇكا نەچچە كۈن ھال مۇڭ قىلىشقاندىن كېيىن شاھزادە ئاپتابى تاجىزەرنىڭ ئىشقىدا كۈندىن كۈنگە ھالى

خاراب بولۇپ كېسلى ئېغىرلاشقىلى تۇردى. تېۋىپ ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتتى. شاھزادە:

كۆرگىلى رەنجىمنى قەسدىڭ، كەلمەسۇن ئەخمەق تېۋىپ،
ھەجر يەتكۈزگەي باشىڭغە يۈزمىڭ توخمەق، تېۋىپ،
بۇ خىيال ئاغرىقى ئېرۇر، ئەمدى داۋا بولغاي ساڭا.
ھەجر ئارا يۈرگەن كىشى جىسمىغا ئوت ياقماق تېۋىپ.
كىم تەمەننا ئەيلەبان ئېرمەس تەماننا يۈرگەنىڭ،
يا توكۇر بولغايسەن، ھالىڭ ئېرۇر ئاقساق تېۋىپ.
كۆرسە ھەركۈيدا سېنى بولسە ئانىڭدا ئىشقدىن،
مۈمكىن ئۇلماقدۇر ئوشول ھىجراندا ئايلانماق تېۋىپ.
ئاھ ئۇرۇپ بىر لەھزەدە كۈيدۈرمەگەندىن بىلمەگىل،
قورقادۇر رەئنايى دەپ كۆڭلى ئېرۇر يۈمشاق، تېۋىپ.

دەپ بېيت ئوقۇغاندىن كېيىن تېۋىپ ھوشىدىن كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ: «بۇ يىگىت ھىجران بالاسىغا گىرىپتار بولۇپتۇ» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. شاھزادە تالاغا چىقىپ باياۋانغا قاراپ ماڭدى. بۇنى ھېچكىم تۇيمىدى. شاھزادە داد ـ پەرياد بىلەن يىغلاپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ ماڭغىنىچە قەرىن دەرياسىغا چۈشۈپ كەتتى ۋە يۈز مىڭ جاپارلار بىلەن دەريادىن چىقىپ شەھىرى ئاشال تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئەمۇر زەڭگى شەھەرنى ئالالماي خاپا بولۇپ ئۆز شەھىرىگە كەتكەن، لەشكىرى شەھەرنى قورشاپ قالغان ئىدى. شاھزادە: «تاجىزەر ··· تاجىزەر» دېگىنىچە ئۇنىڭ لەشكىرىگە تېگىپ بەش مىڭدەكنى ئۆلتۈردى. ئۇلار شاھزادىنى تۇتۇپ باغلاپ ئەمۇر زەڭگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. يولدا بارغۇچە شاھزادە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

قەرىن مۈلكىدىن خەستە جان كەلدىما،
ۋۇجۇد ئىلە يانىپ بۇ جەھان كەلدىما.
ۋۇجۇددىن دەۋام ئايلانۇرمەن يانىپ،
يانا تولغانىپ باغرى قان كەلدىما.
بۇ ئالەم ۋەفا قىلمادى يۈز كېلىپ،
ئۆتۈپتۇر مېنىڭدەك يامان كەلدىما.
بولۇپ نەفسىڭە فەردىكار بىر جەھان،
قاتارى تۇرۇپ ئاسىيان كەلدىما.
نېتەي يىغلاماي پىسقۇ ئىسيان ئارا،
كىرىپ مەن ھەقىقى جانان كەلدىما.
كى ئىسيان شامالىدا رەئنايىكىم،
بولۇپ كۈز بەھارى خەزان كەلدىما.

شاھزادە يىغلىغىنىچە پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كەلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# قارىغۇ كۆزنى ئاچقان قىز

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا شۆھرەتلىك بىر يۇرت چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بىلەن بىر قىزى بار ئىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۈشى بىلەن بالىلارنىڭ ئانىسى قازا قىپتۇ. ئوغلى بولسا: «دادام بەربىر ئۆيلىنىدۇ، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قېلىپ خارلىنىپ يۈرگەندىن، باشقا شەھەرلەردە ئىش ئوقەت قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەي» دەپ ئويلاپ دادىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىپتۇ. قىز بولسا دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ. شۇ كەتكىنىچە ئوغلىدىن ئىز - دېرەك بولماپتۇ. ئۇ، قەدىناس ئايالى بىلەن ئوغلىنىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپتۇ. يىغلىغانسېرى كۆز نۇرى خىرەلىشىپ ئاخىر قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. قىز دادىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىر تېۋىپ چاقىرىپ كەپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزىنى ساقايتقىلى كەلگەن تېۋىپ:

— يىراقتىكى رۇم مەملىكىتىدە بۇ كۆزنى ئېچىشنىڭ دورىسى بار. ئاشۇ دورىنى ئېلىپ كېلىپ كۆزىڭىزگە سۈرتسىڭىز كۆزىڭىز روشەن ئېچىلىپ ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي ئوغلىنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن ئۇنى تېپىشقا چارىسىز قاپتۇ. كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاپتۇ.

— ئاتا نېمىگە يىغلايسىز؟ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ مەن گەرچە سىزنىڭ قېشىڭىزدىكى يالغۇز قىزىڭىز بولساممۇ، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە شىپالىق دورىنى تېپىپ ئېلىپ كېلەلەيمەن. ماڭا دۇئا قىلىڭ، — دەپتۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ. دادىسى قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— قىزىم، رۇم مەملىكىتىنىڭ خەزىنىسىدە قارىغۇ بولۇپ قالغان كۆزنى ساقايتىدىغان دورا بار ئىكەن. شۇ دورىدىن ئېلىپ كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسىڭىز، مەن سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتىم. بىراق سىز قىز بالا دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ.

— كۆزۈمنىڭ ئاق - قارىسى دادا، مەن خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. رۇم شەھىرىگە باراي تېزرەك رۇخسەت قىلىڭ، — دەپتۇ قىزى. ئاخىر دادىسى قىزىغا رۇخسەت بېرىپتۇ.

قىز ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى بىر ئاتقا يۈكلەپ ئۈستىگە ئۆزى مىنىپتۇ - دە، رۇم شەھىرىگە قاراپ سەپەر قىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئالدىدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ قاپتۇ.

قىز پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئەجدىھا ھەيران بولۇپ: — ھەي قىز، مەن ئادىمىزاتلارنىڭ مال - دۇنياسىدىن تارتىپ ئۆزىنىمۇ يېگەن. سەن مەندىن ھېچ تەپ تارتمىدىڭ، سەۋەبىنى ئېيت، — دەپتۇ.

قىز پىسەنتكە ئىلماي جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن ئاچكۆز ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم. ئۇنداق بولمىغاندا بەدىنىڭگە قىلىچ سالاتتىم. ئىككىنچىدىن دادام قارىغۇ بولۇپ قالغان، ئالدىراشلىقتا كېتىۋاتىمەن. رۇم پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە شىپالىق دورا بار ئىكەن، شۇنىڭدىن ئەپكېلىپ دادامنىڭ كۆزىنى ئاچماقچىمەن.

— ھەي ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۈستۈمگە مىن، — دەپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەجدىھا، — رۇم مەملىكىتىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن. قىز ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. بىر دەمدىلا رۇم مەملىكىتىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا يولنى توسۇپ چوڭ بىر تاغ تۇرغانمىش. ئۇنىڭدىن ئۆتۈشنىڭ ھېچ بىر ئىلاجى يوقمىش. ئەجدىھا قىزغا ياردەم قىپتۇ - دە، تاغ باغرىنى يالاپ پىياز پوستىدەك قىلىۋېتىپتۇ.

— مانا مۇشۇ تاشنى ئىتتىرسەڭ، پادىشاھ خەزىنىسىگە يول ئېچىلىدۇ - دە، ئاندىن كىرەلەيسەن. شۇ تاپتا ھەممە قاراۋۇللار ئۇيقۇدا، — دەپتۇ ئەجدىھا ۋە يەنە مۇنداق جېكىلەپتۇ، — دورىخانىغا كىرگىنىڭدە شىشىدىمۇ، قەغەزدىمۇ دورا بار، شىشىدىكىنى ئالساڭ، قەغەزدىكىگە تەگمە، قەغەزدىكىنى ئالساڭ، شىشىدىكىگە تەگمە...

ئەجدىھا شۇلارنى تاپىلاپ قىزنى خەزىنىگە يولغا ساپتۇ. قىز تاشنى ئىتتىرىۋېتىپ خەزىنىگە كىرىپتۇ. خەزىنىدىن دورىخانىغا كىرىپتۇ. شىشىدىكىگە قارىسا قەغەزدىكى خۇشبۇي، قەغەزدىكىگە قارىسا شىشىدىكى خۇشبۇي دورىلار ئىكەن. قىز ياخشى ئويلىماستىن ئىككىلا دورىنى قولىغا ئاپتۇ. «غاراس - غۇرۇس» ئاۋاز چىقىپتۇ - دە، ھەممە ئىشىكلەر بىردىنلا يېپىلىپ قاپتۇ. قىز شۇ ھامان سولىنىپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن، قىز پادىشاھ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ.

— نېمىشقا خەزىنىگە ئوغرىلىققا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— دادامنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قېلىۋىدى دورىغا كەلگەن ئىدىم، بىلمەستىن كىرىپ قاپتىمەن، — دەپتۇ قىز.

— ھە، سەن بەك مۇغەمبەر ئىكەنسەن، — دەپتۇ پادىشاھ. ئاندىن يەنە:

— ئەندىرخانىنىڭ قىزىنى ماڭا ئەپكېلىپ بەرسەڭ، دورىنى بېرىمەن. ئۆزۈڭنى ئازاد قىلىمەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. قىز تەزىم قىلىپ:

— بولىدۇ، ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ! — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزغا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. قىز شۇ ھامان ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئادىمىزات، نېمە قىلىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ ئەجدىھا.

— شىشە بىلەن قەغەزدىكى دورىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭلا ئالىمەن دەپ قولغا چۈشتۈم، تىلسىم ئىكەن، — دەپتۇ قىز.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، ئۈستۈمگە مىن، — دەپتۇ ئەجدىھا.

ئۇلار بىر دەمدىلا ئەندىرخانىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— خانىنىڭ قىزى بىر ئۇخلىغاندا، قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بېرى ئۇيقۇدا. تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا ئۆزىگە تەگسەڭ رومىلىغا تەگمە، قىزنىڭ ياتقىغا كىرىۋېلىشتا ئىككى ئۆي بار. ئۆيلەردە لىقمۇ لىق پاختا بار. قويۇن يانچۇقلىرىڭنى پاختىغا تولدۇرغىن - دە، پەلەمپەيلەرنى دەسسەپ مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىر. ھەر پەلەمپەينىڭ ئىككى ياقىسىدا قوڭغۇراقلار بار. قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختىنى ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتۇر. قوڭغۇراقلار جىرىڭلىماي قالىدۇ. سەن ئەركىن بولۇپ قالىسەن ۋە مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپ تاپىلاپ قىزنى يولغا ساپتۇ. قىز يانچۇقلىرىنى پاختىغا لىق تۇشقۇزۇپ، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە تىقىپتۇ - دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە ئۇخلاۋاتقانمىش. قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ ئېتىكىدە باش قويۇپ ساقلاپ ياتقانمىش، مەلىكىنىڭ بېشىدا چوڭ بىر رومال بار بولۇپ، رومال مەلىكىدىن چىرايلىق ئىكەن. قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ بىردىنلا كۆتۈرۈپتۇ. بۇ تىلسىم ئىكەن. ھەممە ياق تەۋرەپ كېتىپتۇ. ئىشىكلەر يېپىلىپ قىز سولىنىپ قاپتۇ. ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەتىسى قولىنى باغلاپ خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— نېمە سەۋەبتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ ئاچچىقلىنىپ سوراپتۇ

ئەندىرخان.

— دادام قارىغۇ بولۇپ قالدى، دورا ئەپكېلىش ئۈچۈن رۇم شەھىرگە كەلگەن ئىدىم. تىلسىم دەستىدىن قولغا چۈشۈپ قالدىم. رۇم شەھىرىنىڭ پادشاھى ماڭا «ئەندىرخاننىڭ قىزىنى ئەپكېلىپ بەرسەڭ، ساڭا شىپالىق دورا بېرىمەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن» دېدى، — دەپتۇ قىز، — شۇڭا قىزنىڭ قېشىغا كەلگەنىدىم.

— كۆن چىقىش تەرەپتە كۆھىقاپ دېگەن جاي بار، — دەپتۇ خان، — كۆھىقاپتا بىر جادۇگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ قارا ئېتى بار. شۇنى ئېلىپ كەلسەڭ، قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا بېشىڭنى كېسىمەن.

— ماقۇل، تۆت كۈن مۆھلەت بېرىڭ، — دەپتۇ قىز.

— بولىدۇ، ماقۇل، — دەپتۇ خان. قىز چىقىپ ئەجدىھانىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش بوپتۇ. مەيلى مەن ساڭا ئاخىرغىچە ياردەم بېرەي. قېنى يۈر، — دەپتۇ ئەجدىھا. قىز ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. ئەجدىھا ئاسمان - پەلەككە چىقىپ ئۇچۇپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈز دېگەندە كۆھىقاپقا يېتىپ بېرىپ جادۇگەرنىڭ ئاتخانىسىغا يېقىن بېرىپ چۈشۈپتۇ.

— جادۇگەر ئۇخلىماقچى، — دەپتۇ ئەجدىھا، — سەن يەرنى كولاپ بېرىپ ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقار. ئات سېنى كۆرۈپ كىشنەپ كېتىدۇ. جادۇگەر «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ. سېنى تاپالماي جايىغا بېرىپ ياتقىنىدا يەنە بېشىڭنى چىقار. ئات كىشنەيدۇ، جادۇگەر يەنە تۆت تەرەپنى ئىزدەپ ئاخىر ئېتىغا كايىپ «ھەي نائىنساپ ئات، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشلەندۈردۈڭ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن» دەيدۇ - دە، ياتقىلى كېتىدۇ. سەن شۇ ۋاقىتتا ئوقۇردىن بېشىڭنى چىقىرىپ: «ھەي زاتى ئۇلۇغ ئات، سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كىشمىش بېرىپ باقىمەن، زالىم قولدا ئازاپ چېكىپ يېتىشىڭ بىھۇدە ئىش! » دەيسەن. شۇنداق دېسەڭ، ئات بويىنىنى ئېگىپ جىم بولىدۇ. ئوقۇر يېنىدىكى تامدا بىر تال مىخ بار. ئۇنىڭغا ئېگەر - جابدۇق ئېسىقلىق. دەرھال ئاتنى ئېگەرلەپ يېتىلەپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن.

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزمۇ سۆز ئىجرا قىپتۇ. جادۇگەر ئاتنى جىملىگەندىن كېيىن ياتقىلى كېتىپتۇ. قىز ئاتنى ئۆز سۆزىگە كۆندۈرۈپ ئاتنى ئېگەرلەپ ئەجدىھا ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن ئاتنى كۆتۈرۈپ بىر دەمدە ئەندىرخاننىڭ شەھىرگە يېتىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— ئەي قىز، تۇلپارنى ئۆزۈڭ ئال، مەن بىر دومۇلاپ، خۇددى مۇشۇ تۇلپاردەك ئات بولىمەن، سەن مېنى خاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا بەر، خان قىزىنى ساڭا بېرىدۇ. سەن خاننىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىۋەر، مەن ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ. قىز «ماقۇل» دەپتۇ. ئەجدىھا بىر دۈمۈلاپلا ئاتقا ئايلىنىپتۇ. قىز ئۇنى خانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. خان قىزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ. قىز جادۇگەرنىڭ ئېتىغا مىنىپ، خاننىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئەندىرخاندىن ئاڭلايلى:

خان ئاتنى ئېگەرلەپتۇ - دە، ئالتۇن ئۈزەڭگىگە سول ئايىغىنى قويۇپ ئوڭ ئايىغىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپتىكەن ئات چىۋىنگە ئايلىنىپ «پۇرررىدە» ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. خان يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئەجدىھا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئۇلار رۇم شەھىرگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئەجدىھا بىر دومۇلىغان ئىكەن، هاي - ھاي، ئەندىرخاننىڭ قىزىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىز بولۇپ قاپتۇ - دە:

— مېنى شاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپ دورىلارنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار، — دەپتۇ.

قىز ئۇنى رۇم شەھىرىنىڭ پادشاھىغا تاپشۇرۇپتۇ. شاھمۇ شېشىدىكى ۋە قەغەزدىكى

www.uyghurkitap.com

دورىلارنى قىزنىڭ قولىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپتۇ. رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ قىز بىلەن بىر ئورۇنغا كىرىپ يېتىپتۇ ـ دە، قىزنى قۇچاقلاپ باغرىغا شۇنداق باسقان ئىكەن «گىژ ـ گىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن قىز سۇرەتلىك ئەجدىھا چىۋىنگە ئايلىنىپ غايىب بوپتۇ. پادىشاھ بولسا تېگىگە سالغان كۆرپىنى قاماللاپ ھەسرەتتە قاپتۇ. ئەجدىھا ئۇقتەك ئۇچۇپ قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئىككىلا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ قىزنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان دادىسىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. قىزلار ئەجدىھانىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. دادىسىنىڭ كۆزىگە دورا سۈركەپتۇ. دادىسىنىڭ كۆزىگە بۇ شىپالىق دورىنى سۈرتكەن ئىكەن دەرھال ساقىيىپ ئەسلىدىكى ھالەتكە كەپتۇ. قايتىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشكەن بۇ بوۋاي:

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، — دەپ قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. دادىسى شۇ چاغدا نېمىنى كۆرۈپتۇ دەڭ؟ ئەجدىھا بىر سىلكىنگەن ئىكەن ئۈستىدىكى تېرىلىرى چۈشۈپ بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. دادا بىلەن قىزلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىت قىزنىڭ سەپەرگە كەتكەن ئۆز ئاكىسى، بوۋاينىڭ ئوغلى ئىكەن.

— ئوغلۇم! كۆز نۇرۇم! ، — دەپ ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ بوۋاي.

— دادا مەن سىزنى تاشلاپ كەتكىنىمگە پۇشايمان يەپ تۇرغىنىمدا، سىڭلىمنىڭ سىزگە قىلغان ۋاپادارلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ياردەم قىلغان ئىدىم. ئاخىر ئۇل ئىگەم بىز ئاتا ـ بالىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ كۆرۈشتۈردى. مەن سىزنى تاشلاپ كەتكەن گۇناھىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئەپۇ قىلىمەن ئوغلۇم، گەرچە سەن مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغان بولساڭمۇ، سىڭلىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا ئوغۇلدەك ئىش قىلىپ ماڭا ۋاپادارلىق قىلدى، مەن ھەر ئىككىڭلاردىن رازى، — دەپتۇ بوۋاي.

دادىسى ھەر ئىككى بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

ئۆي ئىچىنى خۇشاللىق قاپلاپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ئەندىرخانىنىڭ قىزىمۇ تەسىرلىنىپتۇ. كۆزى ئېچىلىپ بالىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان دادا، چوڭ توي قىلىپ ئەلگە ئاش تارتىپتۇ. ئوغلىغا ئەندىرخانىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي تويدا ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— قېنى ئوغلۇم، بېشىڭدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرمەمسەن؟

ئوغۇل مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئەندىرخانىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ خانغا ئەسىرگە چۈشتۈم. ئۇ مېنى كۆھىقاپقا ئەۋەتتى. خانىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كېلىمەن دەپ جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشتۈم. جادۇگەر مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھەر كىملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. ئاتا ـ ئانىسىغا مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر بولغان، ئاتا ـ ئانىسىنى دەپ جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىزلار مېنى بۇ جادۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتالماي يۈرۈپ، ئاخىر سىڭلىمنى ئۇچراتتىم. دادا سىزنى دەپ سىڭلىم كۆپ جاپالارنى چەكتى. ۋەدىسىنى ئورۇنلىدى، مېنى جادۇدىن خالاس قىلدى.

— بارىكاللا! — دەپتۇ دادا. باتۇر يىگىت ئەندىرخانىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. ھەممەيلەن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن «ئاتا رازى، خۇدا رازى» دېگەن سۆز خەلق ئىچىگە تارايتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىسار ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن يۇنۇس سەمەت
رەتلىگۈچى: ئابلاجان مامۇت

# قۇتلۇق هاجى شەۋقى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

«تۈركىي تىللار دىۋانى» — 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك تۈرك تىلى لۇغىتى بولۇپ، 11 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قامۇسى ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەن مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا بىردە ئاشكارا بولۇپ، بىردە يوشۇرۇلۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىلمىي مەدھىيە، ئېتىراپقا ئېرىشكەن، ئەتىۋارلاپ ساقلىنىشقا، قەدىرلەپ ئوقۇلۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. «دىۋان» ئەسلى ئەرەبچە يېزىلغانلىقتىن دەسلەپتە باغداد، مىسىر قاتارلىق ئەرەب ئەللىرى ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، مۇتالىئە قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ ①، ئىلىم دۇنياسىغا تولۇق مەلۇم بولۇشى تېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىش.

ھىجرىيىنىڭ 466 (مىلادىيە 1073 — 1074) - يىلى باغدادتا يېزىلىپ قولدىن چىققان بۇ ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان بولسىمۇ، بىزگىچە بۇ ئەسەرنىڭ پەقەت بىرلا نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

مىلادىيە 1266 - يىلى («دىۋان» يېزىلغان ۋاقىتتىن 192 يىل كېيىن) ئىرانلىق مۇھەممەت بىننى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئوبۇلفەتھى تەرىپىدىن سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخا 1910 - يىللىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپبەيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق 1914 - يىلى دىيارى بەكىرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان. تۈركىيىنىڭ كىلىس ۋىلايىتىدىن مۇئەللىم رىفئەت بىلگە بۇنى ئاڭلاپ، ئەلى ئەمىرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئەسەرنى 1915 -، 1917 - يىللىرى ئۈچ توم ھالدا مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان. ئەنە شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، تېزلىكتە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1930 -، 1940 - يىللاردا، مارتىن ھارتمان، بىروككېلمان قاتارلىق نېمىس ئالىملىرى، بېسىم ئاتالاي، دەھرى دىلچىن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى تۈرك ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى بەس - بەستە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىشتى، ئىندېكس ئىشلىدى ھەم نېمىس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشتى.

بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، كۆپلىگەن ئەللەر ئالىملىرى ئوخشىمىغان ھالەتتە تەتقىق قىلىشىپ، ھېلىھەم تەتقىقاتىدىن قانائەتلەنمەي باش قاتۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنىلا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە نامايەندىسى ھالىتىدە چاقناپ تۇرماقتا.

www.uyghurkitap.com

ئەپسۇس، ئالىملارنىڭ نەزەرىدە ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئەسىر بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، خەلقىمىز بۇ ئەسەرنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ ئۆنتۈلغان مەدەنىيەت نامايەندىسىنى خەلقىمىزگە قايتىدىن تونۇتۇش يولىدا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان قۇتلۇق هاجى شەۋقىنىڭ مۇشۇ خۇسۇستىكى پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش مۇشۇ ئەسىردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇلۇشىغا دائىر بەزى ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بىر زامانلاردا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، سەييارىلاردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنى چاقنىتىپ، مەدەنىيەت ئاسمىنىنى بېزىگەن» خەلقىمىز «يىپەك يولىنىڭ چۆلدەرىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىشانچىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ نادانلىق، دەم كوتا ـ قۇلچىلىق، تۈگىمەس ھەم ئەرزىمەس تەپرىقىچىلىك، شۇنداقلا زۇلۇم ـ زالالەت قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرنىڭ قۇچىقىغا يىقىلغان» [2] بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

خەيرىيەت، «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەيتاۋۇر باشقا ئەللەردە ياڭرىغان مەرىپەت قوڭغۇرىقىنىڭ ساداسىدىنمۇ ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەھشەتلىك خورەك ئاۋازىدىنمۇ بەزى ئەقىل ـ هوشى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر بالدۇر ئويغىنىپ» [3] خەلقىمىزنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدىدى. ئىلىم ئىزدەش ياكى سودا ـ تىجارەت قىلىش يولى بىلەن جاهان كۆرگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرى بۇ ئىزدىنىشنىڭ يول ئاچقۇچىلىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر دېموكراتىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى، تارىخچى ۋە نەشرىياتچى قۇتلۇق هاجى شەۋقى مانا مۇشۇ ئىزدىنىشكە يېقىندىن ھەمكار ـ مەدەتكار بولغان بىر ئەزىمەت ئىدى.

هاياتىنى پۈتۈن ئۆمرى غەپلەتتە قالغان مىللەتنى ئويغىتىش يولىدا مەرىپەت تارقىتىش، مىللىي مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىللىي نەشرىياتچىلىق، مەدەنىي ئاقارتىشتەك مەنىۋى كۈرەشلەرگە ئاتاپ، شۇ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساپ مىللىي غۇرۇرى، پاك ئىمان ـ ئېتىقادى بىلەن ياشىغانلىق «گۇناهى» ئۈچۈن هۆكۈمران جاهالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان بۇ مەرىپەت ـ مەدەنىيەت جەڭچىسى 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئابدۇرېھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر يەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1908 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم»ىغا ئوقۇشقا كىرىپ مەخسۇس ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۈركىيىگە كەلگەن. شۇ چاغلاردا تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتچىلىك) ھەركىتى تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزگىچە يېڭى مۇھىتنى ـــ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان

ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. جاھان كۆرۈپ مەلۇم جەھەتلەردە يېڭىچە ئىدىيىۋى تونۇشقا كېلىۋاتقان قۇتلۇق ھاجى بۇ يېڭىچە مەنزىرىنىڭ تەسىرىدە ئىستانبۇلدا قېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان. مۇشۇ جەرياندا تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاھالەتكە، قالاقلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى يېڭىلاش (ئىسلاھات ـ جەدىتچىلىك) كۈرىشى قۇتلۇق ھاجىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى ــ قۇللۇق تۇرمۇشىنى پەقەت ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىي ـ مادارىنى قوزغاپ، يېڭىلىققا يېتەكلىگەندىلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ.

ئىستانبۇلدا ھەرقايسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا، تۈرك ئەللىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن بىلىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. 1917 ـ يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن قۇتلۇق ھاجى ۋەتەن، مىللەتنى جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، مەلۇم نىيەت ـ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن بىللە، شۇ يىللىرى تۈركىيىدە بېسىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قاراپ بىرگە ئالغاچ كېلىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە زىيالىيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1918 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە «ئاڭ گېزىتى» نى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مىللىي ئويغىنىش، جاھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش بۇ گېزىت ياڭراتقان جاراڭلىق سادا بولغانلىقتىن بىر مەزگىل چىقىپلا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى يەنە مىللەتنى ئويغىتىش توغرىسىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى شېئىر يېزىش يولى بىلەن تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە «شەۋقى» تەخەللۇسىنى قويۇپ، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ، مىللىي ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى «ئاڭ» گېزىتىنىڭ پېچەتلىنىشى بىلەن تەڭلا، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ياردىمىدە موللا نازىم، نورۇز يۇسۇپى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئويغىنىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ، «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەنناملار بىلەن 1920 ـ ۋە 1924 ـ يىللىرى مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇپ تارقىتىدۇ[4].

خەلققە مىللىي مەدەنىيەتنى تونۇتۇش، ئەجدادلار روھىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئويغىتىش، ئەزىز ۋەتەننىڭ، ئانا ماكانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتۇش ــ قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىچە پائالىيىتىدۇر.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتىرىش يولىدىكى بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقىرى توغرۇلۇق خەلقىمىزگە تۇنجى مەلۇمات بەرگەن ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ.

ھازىرغىچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشتە بولغان تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 1940 ـ يىللاردىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، 30 ـ يىللاردىلا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا كەلدى ⑤.

دەرۋەقە، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى ئەسەرلىرىدىن ۋە مەھمۇد قەشقىرى مازىرى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن بۇ ھەقتە خېلى ئىشەنچلىك تونۇشقا ئاساس تاپالايمىز.

مەلۇمكى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باشقا ئىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى پۇختا بىلىشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشلەردە بولغان. ئۇنىڭ تۈركىيىدىن قايتىشىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى بىرگە ئېلىپ كېلىشىمۇ مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە 1936 ـ يىلى قەشقەر شەرئىي مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، داڭلىق ئالىم موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان مەھمۇد قەشقىرى مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى تارىخىي ھۆججەتنى تېپىپ ساقلىغان ⑥. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «قەشقەر» ناملىق غەزىلى خەلقىمىزگە مەھمۇد قەشقىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسەردۇر:

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇبىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جەھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت»،
مەھمۇدىل قەشقىرى كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

مانا بۇ يالقۇنلۇق مىسرالار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، مىللىتىمىز تارىخى ھەققىدىكى نىسبەتەن كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مۇشۇنداق شەكىللەر ئارقىلىق مىللىتىمىزگە ئۆز تارىخىنى تونۇتۇپ، مىللەتنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتىنى، باتۇر، پاراسەتلىك، كۈرەشچان ئوغلانلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنى ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن قوراللىنىپ، قۇللۇق ـ مەھكۇملۇق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قەد كۆتۈرۈش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش مەقسىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ⑦. ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئىجتىھات قىلغانلىقىنى، توسالغۇلار ئالدىدا قانچىلىك جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇۋاتقانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىپ، ئەسەرنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەرجىمىنى

ئىمكانقەدەر پىششىق قولدىن چىقىرىشقا تىرىشقان. ئۆگىنىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەب ـ پارس تىللىرى بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشكەن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرى، مەزمۇنغا باي تىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغلاردا ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق زىيالىيلار يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تىل جەھەتتىنمۇ يېڭىلىققا يۈزلىنىپ، مىللىي تىلنى ساپلاشتۇرۇش (تىلىمىزدىكى ئەرەب ـ پارس تىلى ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا مىللىي تىلىمىزدىكى خاس سۆزلۈكلەرنى سەپلەش)، ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە «ئانا تىل نەزمىسى» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، خەلقىمىزگە ئانا تىلنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتقان:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەرئىسە ئامېرىكايۇ ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلەردىن نىشان،
سەن بىلەن رۇيى زەمىندە ئىپتىخار ئەتكۇم كېلۇر!

تولۇق ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ شېئىر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئانا تىل نەزمىسى» دۇر.

1933 ـ، 1934 ـ يىللىرى يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن «ئەركىن ھايات»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى چىقىرىپ تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت، ۋەتەنني زۇلۇم ئىلكىدىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنى تەشۋىق قىلغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى بۇ گېزىتلەردە يەنە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەر، ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىدۇ. مەشھۇر تارىخىي ئەسىرى «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر» نى يازىدۇ.

خەلقنى قۇللۇق ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ، يىلىكىنى شوراپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىرى، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەت سۆيەر ئوغلانلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە تۇتقۇن قىلىدۇ. شۇ قاتاردا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىمۇ قامايدۇ. ئاخىر 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پاجىئەلىك ھالەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تارىخ، مەدەنىيەتكە دائىر مىللىي مىراسلىرىمىزنىمۇ يىلتىزىمىزنى قىرقىشنىڭ بىر يولى سۈپىتىدە يوقىتىشقا يۈزلەنگەن جاللات ھۆكۈمەت سانسىزلىغان قەدىمكى كىتاب جاۋاھىرلىرىمىزنى يىغىپ كۆيدۈرىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ توپلىغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرىمۇ شۇ چاغلاردا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئازغىنا ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا چەت ئەل گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ۋە بەزى پېشقەدەملىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن ئىبارەت.

يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئېزىلگەن مىللەتنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخىي مىراسلىرىنى ھەقىقىي قەدىرلەش، توپلاش، تونۇتۇشنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان مەرھۇم قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى

www.uyghurkitap.com

زۇلمەتلىك زامانىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى ئاخىرلىشالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پاكىتلىق قاراشلار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت مىللەتنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرىگە خېلى بۇرۇندىلا چوڭقۇر ئېتىبار ۋە ئىخلاستا بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە ئىزدىنىش يولىدا كۆپ ئەجىر قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

ھازىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر» ناملىق تارىخ كىتابى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخى بىرقەدەر مۇپەسسەل يورۇتۇلغان بۇ كىتابنى ھازىرچە كۆرۈپ پايدىلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىسەكمۇ، بۇ ئەسەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي بايانلار يوق دەپ ئېيتالمايمىز.

شۇڭا، بىز 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن ئىبارەت بۇ مىللەت سۆيەر ئوغلانىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۇنجى بولۇپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان ۋە تەرجىمە قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت تارىخىمىز سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىش بىلەن بىرگە، ئەجدادلار تارىخىنى بىلىش، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىباھا مىراسلىرىمىزنى قەدىرلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

**ئىزاھاتلار:**


① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، كىرىش سۆز 42 -، 43 - بەت.

②③ م. سىيت، ي. روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى، سۆز بېشى 2 -، 3 - بەت.

④ ن. زامان: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ»، «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 11 - سان 112 - بەت.

⑤ غ. سەدىۋاققاسوپ: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە»، «بۇلاق» 1997 - يىل 1 - سان 118 - بەت.

⑥ مەزكۇر ھۆججەتنى يېقىنقى يىللارغىچە ساقلاپ، مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم تارىخچى ئۆلىما، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئوغلى مەرھۇم ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇم بۇ ھۆججەتنىڭ ئاتىسى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن قالغانلىقىنى ئېيتقان. «مەھمۇد قەشقىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1965 - يىل نەشرى، 97 - بەت.

⑦ ئەدەبىياتشۇناس ھاجى ئەھمەد كۆل تېكىن ئۆزىنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دېگەن كىتابىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 195 - بەت.

# چاغاتاي ئەدەبىياتى[1]

## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

**خارەزمدە ئەدەبىي تەرەققىيات** دەسلەپكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن باشلاپ، 1260 ـ يىلىدىن كېيىنكى يىللاردا قوڭرات قەبىلىسىگە مەنسۇپ سۇفى لەقەملىك بىر ئائىلىنىڭ قولىغا ئۆتكەنگە قەدەر ئالتۇن ئوردىغا تەۋە بولغان خارەزم رايونىدىكى ئەدەبىي تەرەققىيات ھەققىدە، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىر ئۈچۈن، قولىمىزدا يېتەرلىك ئاساسلار ساقلىنىۋاتىدۇ. دەسلەپكى ئىستىلادىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جانلىقلىقى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان بۇ رايون، ئېتىنىك جەھەتتىن كېيىنكى خارەزمشاھلار دەۋرىدىكى ۋەزىيەتنى ئاساسەن مۇھاپىزەت قىلغان ئىدى؛ پۈتۈنلەي تۈركىيلەشكەن بۇ رايوندا ئوغۇز، بولۇپمۇ قىپچاق ئامىللىرى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. يېزىلاردا ۋە كۆچمەنلەر ئارىسىدا يەسەۋى دەرۋىشلىرىنىڭ، شەھەرلەردە نەجمىددىن كۇبرا خەلىپىلىرىنىڭ تارقاتقان تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرى يېنىدا قەدىمكى مۇتەزىلە ئەنئەنىلىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى. يەسەۋى دەرۋىشلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتى ئامىللىرىنى قوللىنىپ، ۋۇجۇدقا چىقارغان تۈركىيچە تەسەۋۋۇپ شېئىرلىرىدىن باشقا، 14 ـ ئەسىردە بۇ يەردە يېزىلغان تۈركىيچە ئەسەرلەردىن بەزىلىرىمۇ قولىمىزدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلار بۇ ئەسىردە خارەزمدە يېتىشىپ، تۈرلۈك تۈركىي ۋە ئىسلام رايونلىرىغا بارغان ئالىملاردىن ھەممىسىنىڭ تۈركىيچىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ۋە تۈركىيچە ئەسەرلەر يازغانلىقلىرى ھەققىدە، شۇنداقلا تارىخىي مەنبەلەردىكى مەلۇماتلاردا تۈركىيچىنىڭ بۇ جايدا ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئەھمىيىتىنى جارىي قىلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار ئېنىقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ تەرەققىياتنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشلانغانلىقىنى، يەنى بارتولد ـ سامايلوۋىچ پەرەزلىرىنىڭ ئەكسىچە، چاغاتايلار ۋە ئىلخانىيلار رايونلىرىدا ئەدەبىي تەرەققىياتنىڭ خارەزمدىكىدىن خېلىلا بۇرۇن بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. خارەزم بىلەن يېقىن ئالاقىلىرى بولغان تۆۋەندىكى سەيھۇن رايونىدىكى شەھەرلەردە 13 ـ ئەسىردىلا تۈركىيچە يازغان ئالىملارنىڭ بارلىقىغا كېلىشى بۇ مۇتالىئەنى يوققا چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي شەكىل ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتلىرىدىن 13 ـ ئەسىر خاقانىيە تۈركىيچىسى كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋە يەسەۋىلىكنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. تىل جەھەتتىن بۇ 14 ـ ئەسىر ئەسەرلىرىدە خاقانىيە دىئالېكتىنىڭ ئانا (تۆپ) ئامىللىرىدىن باشقا ئوغۇز، بولۇپمۇ قىپچاق تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، تاكى خارەزمشاھلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇكەممەل بىر خىل

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنى موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ نەتىجىسىگە ئوخشاش چۈشەنمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلىپ، بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي دىئالېكتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى بارتولد ـ سامايلوۋىچنىڭ قىياسى بۇ جەھەتتىنمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېكىن بۇ نەق بولۇشقا قارىماي، خارەزمنىڭ بۇ جەھەتتە مۇھىم بىر مەركەزلىك ۋەزىپىسىدە بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئالتۇن ئوردىغا نىسبەتەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

14 ـ ئەسىر خارەزم ئەسەرلىرى ھەققىدىكى كىچىك خۇلاسىمىزغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇھىم نۇقتا ئۈستىدە بىر ئاز توختالماقچىمەن. ئەلى ئىسىملىك بىر شائىر تەرىپىدىن 630 (1232) ـ يىلى يېزىلغان «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» ناملىق نەزمى ئەسەر 1899 ـ يىلى خوۋتىسما تەرىپىدىن ز د م گ (ZDMG) دە نەشر قىلىنغان ۋە 1916 ـ يىلى ك. بروكېلمان تەرىپىدىن تىل خۇسۇسىيەتلىرى تەتقىق قىلىنىپ، قەدىمكى ئوسمانلىلار دىئالېكتى بىلەن يېقىن ئالاقىسى بارلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ مەشھۇر ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئەجەم شائىرلىرى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ تەييارلانغان بايانلار ئىچىدىن ئالغان ئەمەس، بەلكى قۇرئان قىسسىلىرىگە ئۇيغۇن بىر رەۋىشتە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئەسەر، ھەم خاقانىيە تۈركىيچىسىگە، ھەم ئوغۇز ۋە قىپچاق دىئالېكتلىرىغا دائىر خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىي جەھەتتىنمۇ يەسەۋى ئەنئەنىسىگە تامامەن ئۇيغۇن بولغان، بوغۇم ۋەزنىنىڭ 4+4+4=12 شەكلى بىلەن ۋە باشتىن ئاخىر تۆتلىكلەر بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇنى خارەزملىك بىر يەسەۋى دەرۋىشى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان دەپ ھېسابلايمىز. ئەمما، تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخى جەھەتلىرىدىن بۇ ئەسەرنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى خارەزم ئەدەبىياتى مەھسۇللىرىدىن ھېسابلىنىشى شۈبھىسىز توغرا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەردىن كېيىن بىر ئەسىرگىچە خارەزمدە يېزىلغان باشقا بىر تۈركىيچە ئەسەرلەرمۇ بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

14 ـ ئەسىرنىڭ خارەزمدىكى دەسلەپكى مەھسۇلى بولغان رابغۇزىنىڭ «قىسەسسۇل ئەنبىيا»سى قولىمىزدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ھەر ھالدا خارەزم يېنىدىكى رەبات ئوغۇز شەھىرىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەخەللۇسنى ئالغان بۇرھان ئوغلى قازى ناسىرىددىننىڭ چاغاتاي خانلىرىدىن تارماشىرىنىڭ چوڭ ئەمىرلىرىدىن نەسىرىددىن توق ـ بۇغانىڭ ئەمرى بىلەن يېزىپ، ھىجرىيە 710 (مىلادىيە 1311) ـ يىلى تاماملانغان بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ تۈرلۈك يازما ۋە باسما نۇسخىلىرى بولسىمۇ، ئىشەنچلىك ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان بولۇپ، رىئو تەرىپىدىن بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئەتراپلىق رەۋىشتە خاراكتېرلەندى (تەتقىق قىلىندى). سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى كېيىنكى يىللاردا سكېنكېۋىتسك (Schinkewitsck) تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ تەنقىدىي بىر نەشرى چىقمىغۇچە، فىلولوگىك جەھەتتىن ئۈزۈپ بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدا مېلىئورانسكىي (Melioranskiy) بەزى قىسىملىرىنى نەشر قىلغان بولسىمۇ، بارلىق تەشەببۇسلار ئورۇندالمىدى. خاقانىيە ئەدەبىي دىئالېكتى تەسىرلىرىنى زور دەرىجىدە كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئوغۇز خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەرنىڭ خارەزم رايونىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىۋاتىمىز. نېمە بولسا بولسۇن، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى مەھسۇللىرى ئىچىدە خاقانىيە دىئالېكتىغا يېقىنلىقى بىلەن ئورۇن ئالغان بۇ ئەسەر ئەدەبىي جەھەتتىنمۇ شۇ خاراكتېرلارنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. قۇتادغۇبىلىك ۋە

ئەتەبەتۇلھەقايىقتا بولغىنىدەك، بۇنىڭدىمۇ ئارۇزنىڭ مۇتەقارىب ۋەزنى بىلەن يېزىلغان تۆتلىكلەر بار ئىدى. نەسرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئازدۇر - كۆپتۇر بىر سەنئەت غايىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىچىدىكى غەزەللەرگە ئەرەبچە ۋە تۈركىيچە ئارىلاش قوللىنىلغان بۇ ئەسەردىكى نەزمىلەرنىڭ نۇرغۇنى فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلات ۋەزنى بىلەن يېزىلغان ئىدى. رابغۇزىنىڭ ئەرەب ۋە ئەجەم ئەدەبىياتلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بۇ ئەسەردىكى نەزمىلەر، ئومۇمەن ئىپتىدائىي، قۇرۇق ۋە تەسىرچانلىقى يوق بولۇش بىلەن بىرگە، ئاندا - ساندا بەزى جانلىق تەسۋىرلەر ۋە بەزى ياخشى تۆتلىكلەرمۇ بار ئىدى. بەزىدە رەڭدار ئۇسلۇب قوللىنىشقا تىرىشقان يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەسەرلىرى ئارىسىدا بىرىنچى ئەدەبىي نەسىر تەجرىبىسى بولغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككىنچى مەھسۇل ئىسلام ئاتلىق بىر شائىرنىڭ ھىجرىيە 713 (مىلادىيە 1313) - يىلى يېزىلغان «مۇئىنەل - مۇرىد» ناملىق نەزمىي ئەسىرى بولۇپ، ئەبۇلغازى باھادىرخان زامانىسىدا خارەزم تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا يەنىلا ئىناۋىتىنى قوغدىغانلىقى ئۇنىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە (تۈركمەنلەرنىڭ شەجەرىسى)» دىكى بىر قەيتىدىن مەلۇم. خاقانىيە دىئالېكتىنىڭ ئوغۇز - قىپچاق ئامىللىرى بىلەن ئارىلاشقان بىر شەكىل بىلەن يېزىلغان بۇ نەزمىي ئەسەر ئەدەبىي شەكىل ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتلىرىدىنمۇ ئەتەبەتۇلھەقايىق بىلەن زور يېقىنلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش تۆتلىكلەر بىلەن مۇتەقارىب ۋەزنىدە يېزىلغان بۇ 800 - 900 بېيىتلىق ئەسەر پۈتۈنلەي دىداكتىك ماھىيەتتە، دىنىي - سۇفىيانە بىر نەزمىي ئەسەر بولۇپ، سەنئەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن سەل كېيىن يېزىلغانلىقى تەخمىن قىلىنغان، يازغۇچىسى نامەلۇم «جەۋاھىرۇل - ئەسرار» ناملىق ئەسەرمۇ شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۇنىڭدىن تامامەن پەرقسىز ئىدى. بۇ ئىككى ئەسەر ئەتەبەتۇلھەقايىق بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي شەكىل جەھەتتىن پۈتۈن تۈركىي ئەدەبىياتتا ئۆز ئالدىغا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، خارەزم يېنىدىكى كەردار شەھىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، كېيىنچە ساراي شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ھىجرىيە 761 (مىلادىيە 1359 — 1360) - يىلى ۋاپات بولغان مەھمۇد بىن ئەلى ئىسىملىك بىر يازغۇچىنىڭ «نەھجۇل فەرادىس» ناملىق دىنىي - ئەخلاقىي ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئىسلام ئىلىملىرىگە ناھايىتى ئەتراپلىق بىر رەۋىشتە ئىگە بولغان ۋە بىر مۇنچە ئىسلامىي ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغانلىقى مەلۇم بولغان بۇ يازغۇچى ھېچقانداق سەنئەت غايىسىنى ئىپادىلىمىگەن. مەسىلەن: رابغۇزىنىڭ ئەسىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇتۇش ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، «نەھجۇل فەرادىس» نىڭ يازغۇچىسى مۇنداق بىر چۈشەنچىدىن تامامەن يىراق ئىدى. قولدا تۆرلۈك نۇسخىلىرى ساقلانغان بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا خارەزملىك بىر كاتىب تەرىپىدىن كۆچەرتكۈزۈلگەن، يېڭى جامە كۇتۇپخانىسىدىكى 879 - نومۇردىكى نۇسخىسىدىن، خارەزم دىئالېكتىكىسىغا قارىغاندا زىر - زەۋەرلىرى بولغاچقا، خارەزم يەرلىك دىئالېكتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خۇلاسە: شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن باشلاپ، تېمۇر سەلتەنەتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە، يەنى 13 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئونىنچى يىللىرىدىن 15 - ئەسىرگە قەدەر مەملۇكلار ئىمپىراتورلۇقىنى مۇستەسنا قىلىپ، چىنگىز ئوغۇللىرىنىڭ ھاكىمىيىتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاستىغا كىرگەن يېقىن شەرق ۋە شەرقىي ياۋروپا رايونلىرىدا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىيچىسىنىڭ مۇكەممەل بىر ھالغا كەلگەنلىكىنى ئانا ئالامەتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ بۇ ئۇزۇن ۋە ئاربلاش دەۋرنى تىل ھەم ئەدەبىيات جەھەتلىرىدىن دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى دېگەن نام بىلەن تولپلىماقچى بولدۇق. 12 ـ ئەسىر خاقانىيە تۈركىيچىسى بىلەن 15 ـ ئەسىرنىڭ كلاسسىك چاغاتايچىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان بۇ ئۇزۇن دەۋردە، بۇرۇنقى چاغاتايلار ۋە ئىلخانىيلار مەملىكەتلىرىدە، خېلى كېيىن خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردا رايونلىرىدا ئەدەبىي پائالىيەت باشلىغان ھەم بۇ تەرەققىيات تېمۇرىيلار دەۋرىدە، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تامامەن كۆچىيىپ، بۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نەۋائى ۋە بۇرادەرلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن كلاسسىك چاغاتايچىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەسەرلىرىنىڭ تىللىرى ئارىسىدا بەزىدە كىچىك، بەزىدە بارغانسېرى زور پەرقلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە بۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئامىللار ئېتىبارغا ئېلىنسا، ناھايىتى تەبىئىي چۈشىنىش زۆرۈر بولغان بىر ھادىسە بولىدۇ؛ بۇ دەۋردە سىياسىي ۋە ئەدەبىي تۈرلۈك مەركەزلەرنىڭ بولۇشى، شائىر ھەم مۇھەررىرلەرنىڭ، ئېغىز تىلى شىۋىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا ۋە جۇغراپىيىۋى رايونلارغا مەنسۇپ بولۇشلىرى، 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئەدەبىي تىلىنىڭ شۇ رايوندا زۆرۈر مۇكەممەللىكلەرگە ئېرىشىشى، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بەزىدە كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بەزىدە ئەجەم مەدەنىيىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ياخشى مۇھىتلار ئۈچۈن يېزىلغانلىقى بۇ پەرقلەرنى ئىزاھلاشقا تېگىشلىك باشقىچە مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، شائىر، يازغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىلىرى ئارىسىدىكى زۆرۈر پەرقلەرنى، شەخسىي خاھىش ۋە ئىستېبداتلىرىنىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: خارەزمى ياكى خوجەندىگە ئوخشاش پارسچە شېئىرلارنىمۇ يازغان ئىران ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ئىنچىكە پەرقلىرىنى بىلگەن ۋە سەنئەت جەھەتتىن، ئەجەم ئۆرنەكلىرىگە ئېرىشىش غايىسىنى ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي سەنئەتكارلارنىڭ قوللانغان تىلى بىلەن يەسەۋى دەرۋىشلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە، يەنى تەسەۋۋۇپنى خەلق ئەدەبىياتى ئۇسۇللىرىغا سادىقلىق بىلەن تۇرغانلارنىڭ ياكى بولمىسا قەدىمكى خاقانىيە دىئالېكتى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ رامكىسىدىن چىقمىغان مۇھاپىزەتچى يازغۇچىلارنىڭ تىللىرى ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىق بولغانىدى. موڭغۇل ئوردىلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يارلىقلار يازغان باخشىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىش ئۇسۇللىرىمۇ شۈبھىسىزكى، باشقىلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ئىدى. شۇ مۇھىتتا ۋە شۇ زاماندا يازغان مۇھەررىر ھەم شائىرلارنىڭ يالغۇز ئۇسلۇبلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى تىللىرىدىمۇ ئوخشاشلا قانچىلىك چوڭ پەرقلەرنىڭ بولغانلىقى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ھەقىقەت ئىدى. ئەمدى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى بىر ئازمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ، تەنقىدىي نەشرلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ۋە كۆچۈرگۈچى كاتىبلار قولىدا تۈرلۈك ـ تۈزلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان بۇزۇق مەنبەلەردىن فىلولوگىك ھۆكۈملەر چىقىرىشقا تىرىشقان تىلچىلارنىڭ نەقەدەر خاتا نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئاسانلا تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ.

11 ـ ئەسىر خاقانىيە (قەشقەر) دىئالېكتىنىڭ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خارەزمدە كۆچلۈك ئوغۇز ـ قىپچاق تەسىرى ئاستىدا بىر مۇنچە پەرقلەرنىڭ بولۇشى قانداق تەبىئىي بولغان بولسا، يەنە شۇ دىئالېكتىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان مەركەزلىرىدە ئېتنىك ۋە

تارىخىي ئامىللار تەسىرى بىلەن بەزى پەرقلەرنىڭ بولۇشى شۇ قەدەر زۆرۈر ئىدى. موڭغۇل ئىستىلاسى، يەنىلا 12 ـ ئەسىردە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان بۇ ئەدەبىي دىئالېكتىكىنىڭ دائىرىسىنى بىر تەرەپتىن قەدىمكى بۇلغار مەملىكەتلىرىگە ۋە قىرىمغا، شۇنداقلا غەربىي ئىران رايونلىرىغا قەدەر يېيىش بىلەن بىرگە، يەنە باشقا بىر مۇنچە تەسىرلەرگىمۇ يول ئاچتى. بۇنداق ئايرىغۇچى شەرتلەر ئاستىدا 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇل ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كەڭ مەملىكەتلەردە قوللىنىلغان رەسمىي ۋە ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ تامامەن ئوخشاش ۋە بىر ـ بىرىدىن پەرقسىز بولۇشىغا ئەلۋەتتە ئىمكانىيەت يوق. بۇ مۇلاھىزىلەردىن باشقا، بۇ ئەسىرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەردىن زور بىر قىسمىنىڭ يوقالغانلىقى، يەنە بىر قىسمىنىڭ تېخىچىلا ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلماي ياكى ئاز تەتقىق قىلىنغانلىقىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنسا، شۈبھىلىك ۋە بىر تەرەپلىمە بولغان بىر مۇنچە ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئىشلارغا كىرىشىدىغان بولسا، بۇ دەۋرنى دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى دەپ ئاتاشنىڭ ئىلمىي ئېھتىياتقا خېلى ئۇيغۇن ۋە خېلى توغرا بولغانلىقى ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدۇ. دەسلەپكى چاغاتايلار ۋە ئىلخانىيلار مەملىكەتلىرىدە، خېلى كېيىنمۇ خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردىدا كۆزگە چېلىققان ئەدەبىي تەرەققىياتلار بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن بۇ دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرىنى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخى جەھەتلىرىدىن پىششىق ئۆگەنگىنىمىز، بۇنى بىر مۇنچە ئومۇمىي خاراكتېرلارغا ئىگە بىر دەۋر دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تەسىرلىرىنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەر رايونلىرىدا داۋاملىق كېڭەيگەنلىكى، تۈرلۈك تۈركىي مەركەزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى، ئوسمانىيلار ۋە ئەزەربەيجانلار دىئالېكتلىرىنىڭمۇ ئۆز نوپۇزىنىڭ تەسىرى بولغان رايونلاردا زور ئەدەبىي پائالىيەت كۆرسەتكەنلىكى، 14 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي دىئالېكتى بىزنىڭ تەبىرىمىز بويىچە، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى دىئالېكتىمۇ، بىر تەرەپتىن رەسمىي تىل سۈپىتىدە موڭغۇل ئوردىلىرىدا ئەھمىيىتىنى قوغداپ (ساقلاپ) قېلىش بىلەن بىرگە، باشقا تەرەپتىنمۇ ئەجەم ئۈرنەكلىرىگە ھەر كۈنى تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەر يېقىنلاشقان سەنئەت نەتىجىلىرى بېرىشكە ۋە مەھەللىۋى دىئالېكت پەرقلىرىنى ھەم قىسمەن ئىسىملارنى ئازايتىش سۈرئىتى بىلەن، 15 ـ ئەسىردىكى ئەسلىدىكى كلاسسىك چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا زېمىن ھازىرلاشقا تىرىشقانىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەككاكى، مىر ھەيدەر ۋە لۇتفىغا ئوخشاش قىممەتلىك سەنئەتكارلار بىلەن ھازىرلىنىش دەۋرىنى تاماملىغان بۇ دىئالېكت بۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نەۋائى بىلەن ئاخىرقى مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتتى. بۇ جەھەتتىن ئىككى ئەسىرگە يېقىن دەۋر سۈرگەن بۇ دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرىنى بىر ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە بىر تەييارلىق دەۋرىگە ئوخشاش چۈشىنىش بىر ئازمۇ خاتا بولمايدۇ. پەقەت 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېمۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بەك تېز ۋە كۈچلۈك تەرەققىي قىلىشى خارەزم، ئالتۇن ئوردا مەركەزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەھمىيەتلىرىنى كىچىكلىتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى ھېسابىغا سەمەرقەند ۋە ھىراتلارنى دەسسىتىپ، ماۋەرائۇننەھر ھەم خۇراسان قاتارلىق مەركەزلەرنىڭ تەرەققىياتلىرىغا ئورۇن ھازىرلىدى. بۇ ۋەزىيەت 15 ـ ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تېمۇر دەۋرىدىكى ئەدەبىي پائالىيەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى بولۇپ، بۇ يەرلەردە تەرەققىيات نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تىبابەتچىلىككە ئائىت بايانلار ھەققىدە

غەيرەت ئابدۇرەھمان

ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، خېشى كارىدورى ۋە كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) نى مەركەز قىلغان قۇدرەتلىك گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنى، دۇڭخۇاڭدىن كۇچاغىچە بولغان رايوندا قوچۇنى مەركەز قىلغان «ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇيغۇر ئىلى» يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنى؛ كۇچادىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى قوش مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۈچ خاندانلىقى ئەينى دەۋردىكى تەڭ ـ باراۋەر تەرەققىي قىلغان ئۈچ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئابىدىلەرنى قالدۇردى.

11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن خەلقىمىزگە، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم جامائەتچىلىكىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر زات. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك تۈركىيشۇناسى ۋە يېتۈك ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەيمىز) دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جىلدلىق ئېنسىكلوپېدىك قامۇسنى قالدۇرۇپ كەتتى. شەرقىي ياۋروپادىن تاكى يىراق شەرققىچە، ياۋروپا ـ ئاسىيانىڭ شىمالى، غەربى، غەربىي جەنۇبى، شەرقى ۋە مەركىزىي ئاسىيا قىسىملىرىنىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە گۈزەل جايلىرىغا ئورۇنلاشقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا بۇنىڭدىن 9 ئەسىر مۇقەددەم ياشىغان بۇ ئالىمى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

«دىۋان» ئەسلىدە گەرچە تۈركىيچە، ئەرەبچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بېرىلگەن مىساللار (ماقال ـ تەمسىل، شېئىر ـ قوشاق، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، يېمەك ـ ئىچمىكى، جۇغراپىيىلىك ناملار ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مول مەلۇماتلار ئامبىرى بولغانلىقى بىلەنمۇ يىگانە ئەسەر سۈپىتىدە جاھانغا مەشھۇردۇر. «دىۋان» دا يەنە ھەرخىل دەل ـ دەرەخ، زىرائەت، كۆكتات، ئوت ـ چۆپ ۋە ھايۋاناتلارنىڭ نامى بېرىلىش بىلەللە، تىبابەتچىلىككە ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇ ـ سۆزلەر ۋە بايانلار بېرىلگەن. بۇ ماقالەمدە «دىۋان» دىكى تىبابەتچىلىككە ئائىت بايانلار ھەمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى تېببىي ئېلىم چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1

تىبابەتچىلىك ئىلمى ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىنلا پەيدا بولغان قەدىمىي بىر پەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس مۇستەقىل تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئاپىرىدە قىلغان. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىن قالغان تاشتىن ياسالغان يىڭنە، تاش پىچاق، تاش خەنجەر، تاش ھاۋانچىلىرىغا ۋە دۈنخۇاڭ، تۇرپان تارىخىي يادىكارلىقلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا تېبابەتچىلىك خېلى بۇرۇن باشلانغانلىقى ۋە ئادەملەرنىڭ تەن سالامەتلىك ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەلۇم. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىك ئەھۋالىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا كېسەل يوقلاش، كېسەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش قاتارلىقلار كۈندىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

قەدىمكى زامانلاردا مېھنەتكەش ئاتا _ بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئارقىلىق ئوت، يەل (ھاۋا)، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت كائىناتنىڭ تۆت چوڭ ماددىسىنى كۆزەتكەن، تونۇغان ۋە تۆت چوڭ ماددا (تۆت تادۇ) نەزەرىيىسىنى ياراتقان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى باشقا ئىشلارغا قوللىنىپلا قالماستىن، بەلكى تېبابەت ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم نەزەرىيىۋى تەلىمات قاتارىدا قوللانغان. ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى تۆت چوڭ ماددىنى تونۇشتىكى ئومۇمىي كۆز قاراشلاردىن باشلانغان ۋە كېلىپ چىققان. ئۇلار تۇپراق، سۇ، يەل (ھاۋا)، ئوت ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ماددا، بۇ تۆتى ئادەم بەدىنىدە سوغۇق، ئىسسىق، قۇرۇق، ھۆلدىن ئىبارەت تۆت خىل ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. «ئوت قۇرۇق ئىسسىق، يەل (ھاۋا) ھۆل ئىسسىق، سۇ ھۆل سوغۇق، تۇپراق قۇرۇق سوغۇقتۇر»[1] شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىك سەۋەبلىرىنى ئىچكى سەۋەب ۋە تاشقى سەۋەب دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ ۋە ھەرقايسى كېسەللىك دىئاگنوزلىرىغا قاراپ داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ئىدىقۇت دەۋرىگە تەۋە «تېبابەتچىلىككە ئائىت ھۆججەت» تە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىبىر خېلى مۇرەككەپ كېسەللەرگە قويغان دىئاگنوزلىرى ۋە رېتسىپلىرى خاتىرىلەنگەن. قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىمۇ تېبابەتچىلىك خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، «دىۋان» دا ھەرخىل كېسەللەرگە ئائىت ئاتالغۇ _ سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

ئالا 14 _ 111. I ئالا، پېسە ئادەم[2] ئانۇمى 7 _ 185. I موخۇ كېسىلى. ئەنۈچ 5 _ 74. I كۆزگە ئۆسكەن گۆش پەردە. ئەۋشۈك 5 _ 142. I چاپلاشقاق كېسەل. ئەزىك 12 _ 96. I تېرىدىكى ئۈزۈنچاق تىرناق ئىزى. بالىغ 9 _ 462. Ⅲ ؛ 16 _ 387. Ⅱ ؛ 8 _ 530. I ياردار. باش 10 _ 386، 5 _ 207. Ⅲ يارا، جاراھەت. بەزگەك 18 _ 421. Ⅱ بەزگەك. بەزىك 8 _ 500. I بەزگەك، تىترەك. بەز 15 _ 169. Ⅲ بەز. بىزى 1 _ 309. Ⅲ كۆيۈك، چاۋارتقۇ. بوقۇق 7 _ 416. Ⅱ پوقاق. بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش. فەرغانە بىلەن شىقنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار. پوقاق نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدۇ. بەزىلىرى شۇنداق يوغىناپ كېتىدۇكى، ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۇتىنى كۆرەلمەيدۇ. مەن كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى: «بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇنلۇك كاپىرلار ئىكەن، تەڭرى يارلىقىغۇچى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، ئاتا _ بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان _ سۈرەن سېلىپ، باسقۇن ياساپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان _ سۈرەنلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قاغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بۇ كېسەل پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ». ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنلۇك گەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق. بۇرت 10 ـ 12 II؛ 10 ـ 444. I قارا بېسىش. بۆكەن 9 ـ 519. I ئەرلىكى يوق ئادەم، ئەرلىكى زەئىپ كىشى. ئىگ 15 ـ 310. III؛ 4 ـ 390، 7 ـ 67. I كىبەل. ئىنەگۇ 3 ـ 185. I كىندىك ئۇدۇلىدا پەيدا بولىدىغان يەل سانجىقىغا ئوخشاش بىرخىل كېسەل. ئىرىڭ 3 ـ 182. I ئىرىڭ ∽ يىرىڭ. كەفگەك 18 ـ 422. II كېكەچ. كەم 18 ـ 440. I كېسەل. كەزىك 12 ـ 508. I كېزىك. كەزىك 14 ـ 508. I كېسەل. كۆگ 5 ـ 182. III داغ. خوتۇنلارنىڭ يۈزىگە چۈشىدىغان داغ. قامچىغۇ 14 ـ 639. I قاپارتقۇ. قاپارغان 3 ـ 671. I قاپارتقۇ. قىلتىق 12 ـ 620. I قوماق، باش كېپىكى. باشتا بولىدىغان كېپەك. قىزلاماق 15 ـ 683. I قىزىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتىغا تېپىپ چىقىدىغان قاپارتقۇ. ئۆتۈك 5 ـ 93. I ئۆتۈگ ∽ ئۆتۈك. ئىچ ئۆتۈش ۋە قۇسۇش كېسىلى. پىچغىل 13 ـ 627. I قول ۋە پۇتتىكى يېرىقلار. يەرنىڭ يېرىقلىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. چاغراق 11 ـ 613. I تاز، تازچاق. چالقان 9 ـ 574. I يارىنىڭ ئەدەپ كېتىشى، بىر يەردىن بىر يەرگە تارقىلىشى. چەكەك 13 ـ 504. I چېچەك كېسىلى. چىگىلچە. سارىغلىغ ئەر 12 ـ 646. I سېرىق كېسىلى بار ئادەم. سەڭىل 9 ـ 629. I سەپكۈن، يۈزدىكى سەپكۈن، داغ. سىگىل 11 ـ 512. I سۆگەل. ساۋۇشغان 18 ـ 673. I مەددە قۇرت، شۇ قۇرتتىن بولىدىغان سېرىق كېسەل. سىچغاق 3 ـ 615. I چىچقاق. سىزلاغ 20 ـ 605. I سىزلاش. سوغۇق سۇ ئىچكەندە ياكى مۇز چىشلىگەندە چىشنىڭ قاماپ كېتىشى. سۆگەل 3 ـ 290، 10 ـ 512. I كېسەل، ئاغرىق. ئوغۇزچە. سۆگنەگۇ 1 ـ 640. I سەينۇگە ∽ سەينەك. تىرناق بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا چىقىدىغان يارا. تالغان ئىگ 16 ـ 570. I تۇتقاق كېسىلى. تاپ 4 ـ 198. III تېرىدىكى يارا ياكى تاياق ئىزى. تاز 17 ـ 411. I؛ 12 ـ 203. III تاز. تەلۋە 4 ـ 556. I تەلۋە، ساراڭ. تەمرەگۇ 17 ـ 639. I تەمرەتكە. تەشۈك 3 ـ 503. I تۆشۈك، يېرىق؛ سېرىق ئەت يېرىقى، چىقۇق ∽ چۇقۇق. تەرسگەك 14 ـ 577. III يىڭناسقۇ. توبۇلغاق 16 ـ 653. I يەل تولغاق، قۇلۇجى. توغا 15 ـ 310. III كېسەل، كېسەللىك. تۇماغۇ 13 ـ 583. I تۇمۇ، زۇكام. تۇتۇغ 7 ـ 483. I تۇتقاقلىق. ئۇم 8 ـ 68. I مەيدىسى بۇزۇلۇش، گۆشنى كۆپ يېگەنلىكتىن ئادەمنىڭ مەيدىسى بۇزۇلۇش. ئۇچغۇق 11 ـ 133. I ئۇچۇق، زۇكام. ئۇررا 1 ـ 55. I ئەرلەردە بولىدىغان چىقىق (چۇقۇق) كېسىلى. ئوغۇزچە، ئۈزۈز 16 ـ 99. III؛ 11 ـ 76. I قوتۇر (كېسىلى). ئۈزۈزلۈغ كىشى 1 ـ 199. I قىچىشقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى. ئۇرۇك 13 ـ 181. I ئاق داغ. ئۆسمۈرلەرنىڭ تىرنىقىغا چۈشىدىغان ئاق. ئۇ يەنە «تىرناق ئۇرۇڭى» دېيىلىدۇ. ئۈز 9 ـ 63. I گاس، پاڭ. يۇبا قۇلاق 2 ـ 76. III تىترەك، بەزگەك تىترىكى. ياباقۇ ۋە يەمەك تىللىرىدا.

يۇقىرىقى كېسەللىك تۈرلىرىدىن بىز ئىچكى كېسەل (بەزگەك، ئىنەگۇ، كەزىك، ئۆتۈك، تۇماغۇ ···)؛ تاشقى كېسەل (ئەرىك، بىزى، قامچىغۇ، بالىغ ···)؛ بەش ئەزا كېسەللىكلىرى (ئەنۈچ، كەفگەك، تەرسگەك، ئۈز ···)؛ تېرە كېسەللىكلىرى (ئالا، ئانۇمى، كۆگ، چەكەك، تاز، تەمرەگۇ ···) قاتارلىقلارغا ئېرىشىمىز. ئۇندىن باشقا بالىلار

كېسەللىكلىرى (قىزلاماق، ئۇرۇك)؛ ئاياللار كېسەللىكلىرى (كۆگ)؛ جىنسىي كېسەللىكلىرى (بۇكىن) قاتارلىقلارنىڭمۇ مىساللىرى بار.

كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ تىبابىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىپ، شۇنىڭغا ماس داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېسەللەرنى توغرا تونۇپلا قالماي، بەلكى كېسەللەرنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، بەزىبىر ئالامەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىدا «پوقاق» كېسىلى توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنى ئەينى دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«دىۋان» دا ئادەملەرگە خاس كېسەللىكلەر بېرىلىشتىن تاشقىرى، مال دوختۇرلۇقىغا، يەنى ھايۋانات كېسەللىكلىرىگىمۇ دائىر بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن:

ئەتلكەن 15 ـ 214. I ئاتلاردا بولىدىغان بەز كېسلى. چىلدەك 12 ـ 623. I ئاتنىڭ كۆكسىگە چىقىدىغان بىرخىل چىقان. ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ. چىلدەي 17 ـ 330. III ئاتنىڭ كۆكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىرخىل يارا، داغلاپ ساقايتىلىدۇ. قىسراق 3 ـ 619. I تۇغمىغان بايتال. تۇتۇق 14 ـ 492. I پىچىۋېتىلگەن، ئاختا. ياغىر 2 ـ 10. III يېغىر. يۇمۇر 6 ـ 10. III ھايۋانلاردا بولىدىغان سوقۇر ئۈچەي.

بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردە ھايۋانات كېسەللىكلىرىگىمۇ دىئاگنوز قويۇپ ھەم ئۇلارنى داۋالاپ، مەلۇم تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلار بەلكىم ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىل كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا توپلىغان بىۋاستە تەجرىبىسى بولۇشى مۇمكىن.

## 2

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن تارىخىي ھاياتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئەمگەك ۋە ئەمەلىي تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغان ۋە شۇ خىل كېسەللەرگە ماس كېلىدىغان داۋالاش ئۇسۇلى ھەم كېرەكلىك دورىلارنى تاپقان، ئىجاد قىلغان. ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپ ھەر خىل ئۇسۇملۇك، دەل ـ دەرەخ پوستىلىرى، مېۋە ـ چېۋە، يىلتىز ـ يوپۇرماق، گۈل ـ چېچەكلەرنى، شۇنداقلا ئورۇق ـ مېغىزلارنى ئاساسىي يېمەكلىك بولغان ھايۋانات گۆشلىرى ۋە زىرائەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلغان. بۇ جەرياندا قايسى خىل ئوزۇقلۇقنىڭ بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قايسى خىل ئوزۇقلۇقنىڭ قانداق مىزاجدىكى كىشىلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، شۇنداق قىلىپ ھەرخىل ئوزۇقلۇقنىڭ قانداق كېسەلگە پايدىلىق، قانداق كېسەلگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تەجرىبە قىلىپ بىلگەن. ئۇلار ئوزۇقلۇقتىن سىرت، ھەرخىل قېزىلما بايلىقلىرى، يەنى مەدەنلەر بىلەنمۇ كېسەل داۋالىغان ھەمدە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ تەجرىبىلەرنى توپلىغان. ئەمدى بىز بۇنىڭغا ئائىت ئاتالغۇلارنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاغۇ 1 ـ 464. Ⅲ ؛ 5 ـ 121. I ئوغا، زەھەر. ئالڭ 1 ـ 57. I يېغى دورا بولىدىغان بىرخىل قۇش، قوداي. ئارزۇتال 19 ـ 196. I بەدەندىكى موينى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى. ئاژمۇق 11 ـ 134. I زەمچە، سۇمۇق. ئەگىر 11 ـ 75. I ئېگىر، قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى. ئەگىت 16 ـ 71. I داغ چۈشۈشتىن ياكى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باللارغا سۈرتۈلىدىغان بىرخىل دورا. ئەم 14 ـ 53. I ئەم، داۋا. ئەم سەم 15 ـ 214. Ⅲ داۋا، ئەم. بەزىنچ 2 ـ 510. Ⅲ غولى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتارىدا يېيىلىدۇ. بۇغا 12 ـ 310. Ⅲ بۇغا. ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىرخىل دورا. خاسنى 5 ـ 566. I باللارنى سەمرىتىش ئۈچۈن يالىتىلىدىغان بىرخىل دورا. ئىرۋى 4 ـ 173. I كېسەللەرگە بېرىلىدىغان بىرخىل ھىندىستان دورىسى. كەكۈش 7 ـ 530. I ئىششىققا سۈرۈلىدىغان دورا، دېۋىرقاي. كىن يىپار 19 ـ 442. I كىندىك ئىپار. قۇندۇز قايىرى 10 ـ 590. I قۇندۇز قېيىرى. قۇندۇز تاشقىدىن ياسىلىدىغان بىرخىل دورا. قۇۋۇت ∽ قاغۇت 9 ـ 223. Ⅲ تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. ئوت 17 ـ 48. I دورا ئوت. ئوت 2 ـ 49. I ئوغا، زەھەر. ئۆترۇم 13 ـ 302، 13 ـ 144. I سۈرگە دورىسى. چاخشۇ 9 ـ 552. I كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىرخىل ئوت. چۈرنى 2 ـ 566. I تۈرك تېۋىپلىرى ياسىغان بىرخىل سۈرگە دورىسى. تالاغۇ 15 ـ 536. I ئۆتكۈر ئوغا. تىز ئۆلتۈرىدىغان زەھەر؛ تولغاق كېسىلى. تاۋغاچ يۇداسى 5 ـ 593. I يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىرخىل دەرەخ. توبۇلغاق 15 ـ 653. I بىرخىل دورا ئوت. توي ئوتى 1 ـ 193. Ⅲ دورا قىلىنىدىغان بىرخىل ئوت. تۇسۇ 12 ـ 309. Ⅲ پايدا، شىپا. ئۇراغۇن 6 ـ 186. I ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىرخىل دورا. ئۇرۇمداي 16 ـ 215. I زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش، پادىزەھەر. ياقىغ 9 ـ 530. I ؛ 10 ـ 15. Ⅲ مەلھەم، زىمات. ئىششىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاراھەتلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماي دورا. يەم 5 ـ 4. Ⅲ تېتىتقۇ دورا ـ دەرمەك.

بۇ ئىندېكستىن بىز ئىچكى، تاشقى، باللار ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاپتور «دىۋان» دا يەنە بەزى دورىلارنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقى، قانداق كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن.

تازىلىق ۋە گۈزەللىكمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇڭلاشقا، «دىۋان» دا تازىلىققا دىققەت قىلىش، يەنى بەدەننى پاك، تازا تۇتۇش، ھەرخىل گۈزەللىككە زىت كېسەللەرنى داۋالاش ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئارزۇتال، ئەگىت، خاسنى» قاتارلىق. بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئېڭى ۋە تازىلىق قارىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، شۇنداقلا تېببىي ئىلىم ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى بەزى ھاجەتلىرىنى ھەل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى قۇرىغار (غەربىي يۇرت) نىڭ ئۆزىدىن چىققان بولۇپ، بۇلار قەدىمكى دەۋردىلا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى مەزكۇر دىيارنىڭ تاغ ـ يايلاق، چۆل ـ باياۋان، باغۇ بوستانلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ تاپقان ماتېرىياللاردۇر. ئۇلار تۇپرىقىدىن چىقىدىغان دورا ئەشيالىرىدىن باشقا، غەربتىن، بولۇپمۇ ھىندىستاندىن بەزى دورا نۇسخىلىرىنى يىغىپ كېلىپ، ئۆز تېبابەتچىلىكىگە

قوشقان. مەسىلەن: «بۇغا، ئەرۋى، ئۇراغۇن ...» قاتارلىق. بۇمۇ ئەينى دەۋردىكى گۈللەنگەن «يىپەك يولى» نىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى دورا مەنبەلىرى ئاساسەن هايۋانات ئەزالىرىدىن شىپالىق نەرسىلەرنى تېپىپ، تەجرىبە قىلىپ پايدىلىنىش، مەسىلەن: «ئاڭ، كىن يىپار، قۇندۇز قايىرى ...» ؛ مەدەنلەردىن پايدىلىنىپ شىپالىق دورىلارنى ياساش. مەسىلەن: «ئارزۇتال، ئاژمۇق، ئۇرۇمداي ...» قاتارلىق. ئۇندىن باشقا تەن سالامەتلىككە پايدىلىق نۇرغۇن مېۋىلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەبىئىي مول دورا ماتېرىيالى قىلىنغان. مەسىلەن: ئالما، ئامۇت، ئۈزۈم، ئۇژمە، قوغۇن، تاۋۇز، ئۆرۈك، شاپتۇل ... دېگەندەك. ئاش ـ تاماقلىرىدا يەنە دورىلىق خۇسۇسىيىتى (مىزاجىنى تەڭشەش خۇسۇسىيىتى) مول بولغان دورا ـ دەرمەك (تېتىتقۇ) لارنى داۋاملىق ئىشلىتىپ كەلگەن. «دىۋان» دا ئۆسۈملۈك دورىلىرىدىنمۇ ئۆرنەكلەر بېرىلگەن. مەسىلەن: ئەگىر، بەزىنچ، چاخشۇ، تاۋغاچ يۇداسى، توبۇلغاق ...» قاتارلىق.

يۇقىرىدىكى ئىندېكستا زەھەرلىك دورىلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۆرنەكلەرمۇ بار. مەسىلەن: «ئاغۇ، ئوت، تالاغۇ، ئۇرۇمداي ...» قاتارلىق. زەھەرلىك دورىلارنىڭ قوشۇمچە تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، مۇۋاپىق، توغرا مىقداردا ئىشلىتىلمىسە زەھەرلىنىش، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە زەھەرلىك دورىلارنى داۋالاشتا قوللىنىش تېبابەتچىلىكنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

## 3

كېسەللىككە بولغان تونۇش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تېۋىپلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى، ئەلۋەتتە. ئۇلار كېسەللەرنى داۋالاش جەريانىدا ئەسۋابلىرىنىمۇ ئىجاد قىلىپ ماڭغان. «دىۋان» دا تېۋىپ ۋە تېبابەتچىلىك ئەسۋابلىرىغا ئائىت سۆزلەملەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئارقاچاق 17 ـ 196. I ئېغىزغا دورا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاب. ئاتاساغۇن 14 ـ 117. I تېۋىپ. ئەمچى 13 ـ 345. III ؛ 14 ـ 53. I داۋالىغۇچى (تېۋىپ). بەلىك 4 ـ 501. I پىلىك. يارا تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ. قاناغۇ 14 ـ 583. I قانئالغۇ، نەشتەر. قان ئالىدىغان سايمان. سورغۇ 9 ـ 554. I شورىغۇچ، ھەجامەت. قان ئېلىش (شوراش) ئەسۋابى.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، «ئاتاساغۇن» ۋە «ئەمچى» دىن باشقا ھەممىسى تېبابەتچىلىك ئەسۋابلىرىغا دائىر ئاتالغۇلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قاناغۇ، سورغۇ» دېگەنلەر ئەينى ۋاقىتتىكى شىپىرىسلار بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتىكى تېبابەتچىلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىنسانلاردا ھەرخىل تۇتېم ئېتىقادى ۋە ھەرخىل دىنلار ئېتىقادى پەيدا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېرىخونلار، پالچى ـ رەممالالار ۋە سېھىرگەرلەر پەيدا بولغان. ئۇلار سېھىر قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش، پال سېلىش ۋە تەسبىھ سىيرىش ئارقىلىق ئىپتىدائىي دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۆزلىرىنى تەڭرى بىلەن ئالاقىسى بار، تەڭرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان، تەڭرىگە ئاۋامنىڭ پىكىر ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈپ، تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاۋامغا ئۇقتۇرىدىغان، ياخشىلىق يامانلىق، بالا ـ قازا ۋە بەخت ـ سائادەتتىن ئالدىن خەۋەر بېرەلەيدىغان قىلىپ كۆرسەتكەن «دىۋان» دا سېھىر ـ ئەپسۇن، پېرىخون ـ داخان ۋە پالچى ـ رەممالالارغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداقمۇ سۆزلەملەر ئۇچرايدۇ:

ئارۋادى 14 ـ 373. I ئەرۋىدى (ئەپسۇن ئوقۇدى). بىتىك 17 ـ 499. I تۇمار. ئوغۇزچە. ئىرق 8 ـ 60. I رەممالالىق، پالچىلىق. ئىسرىق 16 ـ 134. I ئىسرىق. قام 15 ـ 600. III؛ 14 ـ 373. I؛ 1 ـ 215. I كاھىن، شامان (باخشى). ئۆرۈك 15 ـ 181. I ئۆرۈم. پالچىغا بېرىلىدىغان ھەق. سۇرپلەدى 15 ـ 601. III قۇمۇلاق سالدى، پال باقتى. تۇتۇغلۇغ يەر 17 ـ 645. I جىنلىق يەر، جىنى بار يەر. ئۆتكەن كىشلەرگە جىن چاپلىشىدىغان يەر. يات 11 ـ 217. III؛ 1 ـ 51. I؛ 12 ـ 1. III يادا. يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) بىلەن سېھىر قىلىش، كاھىنلىق. يەلۋى 10 ـ 42. III سېھىر. يەلۋىچى 10 ـ 42. III سېھىرگەر، سېھىرچى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت جىسىملىرى بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى ئەينى دەۋردە خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى شامانىزم، زەردۇشتلۇق دىنى ۋە بۇتپەرەسلىك قاتارلىق دىنىي ئېتىقادلار كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ خىل ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان خۇراپىي داۋالاش ئۇسۇللىرى تېبابەتچىلىككە ئارىلىشىپ كەتكەن. پېرىخونلار ياكى سېھىرگەرلەر دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئارىسىدىكى بىر قىسىم دورىگەرلىك بىلىملىرى ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كىشلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان. شۇنىڭ بىلەن كېسەل كىشى دورا ئىچىپ ياكى شۇ كېسەلگە قارشى تۇرغۇچى غىزا ـ تائاملارنى يەپ ساقايسا، بۇنى سېھىرنىڭ كۈچى، داخاننىڭ تەڭرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىنىڭ خاسىيىتى دەپ قارىغان. بۇ ھال تېبابەتچىلىكنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى خۇراپاتلىق تونىنىڭ يېپىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ خىل خۇراپاتلىقنىڭ قالدۇقلىرى ئەينى ۋاقىتتىلا ئەمەس، ھازىرمۇ بىر قىسىم بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا نادان خەلقنى ئالداپ كەلمەكتە.

«دىۋان» دا يۇقىرىدا بېرىلگەن ئاتالغۇ ـ سۆزلەردىن باشقا، تېبابەتچىلىككە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر ۋە كېسەل ۋە داۋاغا (تەن ساغلاملىققا) مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقال ـ تەمسىللەرمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن: «ئاتاسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە ئوغلىنىڭ تىشى قامار (ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار 4 ـ 456. II)»؛ «ئەگىر بولسا ئەر ئۆلمەس (ئېگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس 13 ـ 75. I)»؛ «ئەڭدۈز بولسا ئات ئۆلمەس (ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس 4 ـ 156. I)»؛ «ئەركەچ ئەتى ئەم بولۇر ئەچكۈ ئەتى يەل بولۇر (ئەركەك ‹قوي› گۆشى داۋا بولار، ئۆچكە گۆشى يەل بولار 1 ـ 129. I)»؛ «ئىزلىك بولسا ئەر ئۆلدىماس ئىچلىك بولسا ئات ياغرىماس (چورۇق بولسا ئادەم ئۆلدىماس ‹پۇت ئاغرىماس›، ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس 14 ـ 141. I)»؛ «كەرىش ياغرى ئوغۇلقا قالىر (گەجگە يېغىرى ئوغۇلغا قالار 12 ـ 479. I)»؛ «ئوغلان سۈۋ تۆكەر ئۇلۇغ يانى سىنۇر (بالا سۇ تۆكسە، ‹تېيىلىپ كېتىپ› چوڭنىڭ يانپىشى سۇنار 8 ـ 25. II)»؛ «چاخشاق ئۈزە ئوت بولماس چاغراق بىلە ئۈۋۈت بولماس (چوخچا تاشتا ئوت بولماس، تازچاقتا ئۇيات بولماس 11 ـ 613. I)»؛ «ساقاق پىچار ساقال ئوخشار (ساقالنى ئوينىسا، ‹ئۇستىرا› ئېڭەكنى پىچار 8 ـ 417. II؛ 17 ـ 372. I)»؛ «تاز كەلىگى بۆركچىگە

(تازنىڭ كېلىدىغان يېرى دوپپىچىنىڭ دۈكىنى 5 ـ 68، 7 ـ 54. Ⅱ)»؛ «تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۇرسە ئۈزۈز بولۇر (تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۇرسە قوتۇر بولار 12 ـ 76. Ⅰ)»؛ «ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر (ئەشكە تېۋىنسا ئوغۇل تاپار 3 ـ 167. Ⅰ)» ...

ماقال ـ تەمسىللەر خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىسىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، دەۋرىمىزگىچە كېلىۋاتقان بۇ ماقال ـ تەمسىللەر خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى، دۇنيا قارىشىنى، پەزىلەتلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىجەز ـ خۇلقىنى، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇشتا توپلىغان تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر بىر ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى پۈتۈن بىر كوللېكتىپنىڭ تەپەككۇر مەھسۇلاتى بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنتىقىلىقلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ «ئەگىر بولسا ئەر ئۆلمەس»، «ئەگدۈز بولسا ئات ئۆلمەس» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دورىگەرلىك ساھەسىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ھېس قىلساق، «ئەركەچ ئەتى ئەم بولۇر ئەچكۇ ئەتى يەل بولۇر»، «ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئادەم بەدىنى ۋە ئادەمنىڭ مىزاجى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

* * *

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس، مۇكەممەل سىستېما ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخقا ئىگە بولغان تېبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ تېبابەتچىلىكتىن خېلى يۇقىرى دەرىجىدە خەۋىرى بارلىقىدىن دېرەكلىنىمىز.

«دىۋان» بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تېببىي ئىلمى، تېبابەت تارىخى ھەققىدىكى، يەنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەبىئەت ۋە كېسەللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى، ھەرخىل داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىجاد قىلغانلىقى، ئۇيغۇر ـ تۈركىي مىللەتلىرى ماكانلاشقان رايونلارنىڭ يەر، سۇ، ھاۋاسى؛ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، غىزالىنىش ئەھۋاللىرى، بۇ جايلاردا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر، مەدەن، دورا ـ دەرمەك بايلىقلىرى بىلەن، يىغىپ ئېيتقاندا كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىلمى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىللە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھاياتلىققا دائىم تەسىر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «دىۋان» دا ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى بىرنەچچە زۆرۈرىيەت ۋە قائىدىلەر، يەنى ھاۋا، يېمەك ـ ئىچمەك، ھەرىكەت ـ ئىستىراھەت، ئۇيقۇ ـ ئويغاقلىق، تۇتۇش ۋە چىقىرىش، روھىي ھالەتلەر، تازىلىق، يامان ئادەتلەردىن ساقلىنىش قاتارلىقلار ھەمدە ياشانغانلار، ھامىلىدارلار، بالىلار ـ ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش جەھەتتىكى بىلىملەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمى ۋەتەن تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن دەۋرلىرى بولغىنىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخشاش بىر ئىزدا توختاپ قالغان، چىكىنگەن، ھەتتا چەكلىمىگە ئۇچراپ يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن مەزگىللىرىمۇ بولغان. ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جاھان تېبابەت ساھەسىگە تونۇتۇش ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورىگەرلىك تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ھازىرقى ئۇيغۇر تېبابىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

**ئىزاھلار:**

① «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ جىلد 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

② بۇ كۆرسەتكۈچنى بېرىشتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى ھەم توم، بەت، قۇر نومۇرلىرى، ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسىنى بېرىپ، «دىۋان» ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ كۆرسەتتۇق.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم.
2. «جۇڭگو تېبابەت قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ جىلد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 ـ يىل، 1990 ـ يىل، 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. ھاجى ئابدۇلھېمىت يۈسۈفى «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ساۋاتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. «شىنجاڭ جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1973 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
6. شيا لىيىمىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت تېبابىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان.
7. غەيرەت ئابدۇرەھمان «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ئۆسۈملۈك ئاتالغۇلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان.
8. ھاجى ياقۇپ يۈسۈفى «ئۇلۇغ تۈركىيشۇناس مەھمۇد قەشقەرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
9. رىشات گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت شەكلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرى

مۇھەممەت ئوسمان

## 1. نىكاھ — ۋەدە ۋە قەسەمدۇر

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالتۇن ياپراقتەك جۇلالىنىپ تۇرماقتا. ئۇيغۇرلار ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىنى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مانا شۇ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىدىن بىرى «نىكاھ» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە توي مۇراسىمى كۈنى خالايىق ئالدىدا ۋەدىلىشىش ۋە توختاملىشىشتىن باشلىنىدۇ.

«نىكاھ» دېگەن بۇ سۆز ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە سالمىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىگە بەرگەن «... مەن ساڭا ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشداش ۋە ھىمايىچى بولىمەن» دېگەن ۋەدە ۋە قەسىمىدۇر.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنزىلىدە تۇرمۇشى پاراۋان، تېنى ساغلام، مەنسىپى، پۇل - ماللىرى، خىزمىتى بار ۋاقتىدا ئۆزئارا كۆيۈنۈپ ھۆرمەت قىلىشىدۇ ۋە مۇھەببەت باغلايدۇ. ھاياتلىق سەپىرى ۋە ھاياتلىق كۈرىشى يولىدا بېشىغا كۈن چۈشكەندە، مال - دۇنيا، خىزمەت - مەنسىپىدىن ئايرىلغاندا «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش» ئادەملەرنى ئايرىيدىغان، تونۇيدىغان بوتا ئوچىقىغا ئوخشاش ئۆلچەمدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ «توي» ى بولغاندىن باشلاپ، قىز ۋە يىگىت مىللىتى، نەسلى - نەسەبى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىلى ۋە ئېپپەت - نومۇسىنى ساقلاشنى، بالىلىرىنى ياخشى قوغداش ۋە تەربىيىلەش، بالىلارنى ۋە ئاتا - ئانىلارنى تولۇق نەپىقىلەندۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداقلا ئېپپەت - نومۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئىززەت نەپسىنىڭ گۆھىرىنى ئەر ياكى ئايالدىن ئىبارەت ۋەدە قىلغۇچىنىڭ قايسى بىرى بۇزسا، ئۇ ھالدا ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشداش بولغان جۈپتى - روزىغارى، ئائىلىسى، پەرزەنتلىرى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز خىيانەت ۋە جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ۋە تونۇغانىدى. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى ئۆز جۈپتى - روزىغارى — ئايالىنى «قاتىن» دەپ ئاتىغان.

«قاتىن» سۆزى دىلى (يۈرىكى) دىلىغا، ئېتى ئېتىگە، جېنى جېنىغا قېتىلغان، ئارىلاشقان، ئۇيۇشقان دېگەنلىك بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا «ق» ھەرپى ئورنىغا «خ» ھەرپى ئالمىشىپ، «خاتىن» بولۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم.

ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغلاردىمۇ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، يايلاق ۋە چېدىرلار ئالدىدىكى بۇلاق - كۆللەردە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان «ئاققۇ» قۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئورۇن ھازىرلىغان ئىدى. بۇ ئادەتلەر

هازىرمۇ مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئورۇقداشلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئوۋ ئوۋلىغۇچى مەرگەنلەرنىڭ ئاتقان ئوقى ئەگەر ئەركەك ئاققۇغا تەگسە، ئەركەك ئاققۇ ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە، چىشى ئاققۇ تىخىمۇ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن قانىتىنى جۈپلەپ، تۆۋەنگە شۇڭغۇپ كۆكسىنى زېمىنغا قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆزىنى هالاك قىلىدىكەن. ئەگەر چىشى ئاققۇغا ئوق تەگسە، ئەركەك ئاققۇمۇ خۇددى چىشى ئاققۇغا ئوخشاش تەرىقىدە ئۆزىنى هالاك قىلىدىكەن. هەتتا بۇ ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاققۇنى ئوۋلىغانلارنىڭ ئائىلىسى قۇتاتمايدۇ، بەخت يولى ئېتىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقادمۇ بار.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز جۈپتى ــ رولىغارلىرىغا خۇددى پاك يۈرەك، ۋاپادار ئاققۇغا ئوخشاش سادىق، ۋاپادار ۋە سەمىمىي ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەنئەنىۋى پەزىلەت ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن.

يەنە توي كۈنى نىكاھ ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا راسلىنىدىغان داستىخان، نىكاھ تاماملانغاندىن كېيىن تويلاشقان يىگىت بىلەن قىزغا يېگۈزۈلىدىغان ئىككى بۇردا نان چىلانغان ۋە نىكاھ ۋاقتىدا هازىر بولغۇچىلار «تەۋەررۈك» ئورنىدا قول تەگكۈزۈپ تېتىشىدىغان تۇزمۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر ــ بىرلىرىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن قىلىنغان «ۋەدە» ۋە «قەسەم» لىرىگە ۋاپا قىلىشىنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرىدۇر.

نىكاھلاشقان يىگىت ــ قىزنىڭ ناننى تۇزغا چىلاپ يېيىشى يىگىت بىلەن قىزنىڭ تۇزغا چىلانغان ناننى يېگەن شۇ سائەتتىن باشلاپ «بىر قازاننىڭ، بىر ئائىلىنىڭ تۇزىنى بىرگە يەيمىز، تۇز كورلاردىن بولمايمىز، بىر ــ بىرىمىزگە، ئائىلىمىزگە، تۇز بەرگەن ۋەتەندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىمىزگە خىيانەت قىلمايمىز» دېگەن ۋەدە ــ شەرتلىرىدۇر.

(تۇز قەدىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ هۆرمەت بىلدۈرىدىغان ۋە قەسەم، ئەهدى ــ پەيمانى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، هەتتا هەربىي ئىستراتېگىيە جەهەتتىمۇ دۈشمەن تەرەپ مەجرۇهلىرىغا تۇز بېرىلمىسە يارىسى پۈتمەيدۇ، دەپ قارايدىغان مۇهىم ۋە شەرتلىك ئەشيا. خىيانەت قىلماسلىققا قەسەم ئىچمەكچى بولغاندا تۇزغا دەسسەيدىغان ئادەتلەر هېلىهەم ساقلىنىپ كەلمەكتە.)

## 2. ئەبدۇررەشىدخان ۋە ئۇنىڭ هۇزۇرىدا

سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان (1514 ــ يىلى 7 ــ ئايدا سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ، 1533 ــ يىلى پايتەخت يەركەندە 47 يېشىدا سەۋدائى كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.) قىران ۋاقتىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن سالاهىيەتلىك ئوغلى ئەبدۇررەشىدخان (بۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ 2 ــ خانى بولۇپ، 1533 ــ يىلى تەختتە ئولتۇرۇپ، 1561 ــ يىلىغىچە 28 يىل خان بولۇپ ۋاپات بولغان.) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان بولدى. ئەبدۇررەشىدخان ئۆز هاياتىدا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ راۋاج ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆپ ئىجتىهات سىڭدۈرگەن بۈيۈك شەخستۇر. ئەبدۇررەشىدخان دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانلىقتىن، شىمال تەرەپتە يەتتە سۇ، توقماقلارغىچە، جەنۇب تەرەپ تىبەت، كەشمىرغىچە، غەرپ تەرەپتە تاشكەنتكىچە، شەرق تەرەپ كەڭسۇ (گەنسۇ) چىڭخەي (كۆكنۇر) غىچە بولغان رايونلاردىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن هىمايىسىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە بۇ كەڭ دائىرىنى هەقىقىي ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۆلەت مىقياسىدا تىنچ ۋەزىيەت بەرپا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن يۇرت گۈللىنىپ، خەلق تۇرمۇشى مەمۇرچىلىقتا ئۆتكەن.

ئەبدۇررەشىدخان ياش چاغلىرىدا ئەسكىرىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، جەڭلەردە تاۋلانغان. بۈيۈك زاتلاردىن بولغان قىدىرخان، مىرزا مۇهەممەت هەيدەر، «خاكى كاشغەرى» ... دەك ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن. شۇڭا ئۇ ئىلىم ــ مەرىپەتكە ۋە بىلىم ئەهلىگە

ئامراق ئىدى. ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپلا ئولتۇرماي، خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ ئەھۋال كۆزىتىدىغان، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان، ھۆكۈمەت مەمۇرىي خادىملىرىنى تەكشۈرىدىغان، قوشنا مەملىكەتلەر ۋە يات ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق، لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ۋە ئىناق ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان زات ئىدى.

ئەبدۇررەشىدخاننىڭ يۇرگۈزگەن ئاقىلانە سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرى سەۋەبلىك ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەت، سودا ـ سېتىق، دېھقانچىلىق ـ سۇ ئىنشائات ··· قاتارلىقلار يۈكسىلىپ، خەلق ئىگىلىكى راۋاجلانغان ۋە دۆلەت گۈللەنگەنىدى. شۇڭا، ئەبدۇررەشىدخان تەرىپىدىن جازالىنىپ، كەشمىرگە پالانغان ۋە نەزەربەند قىلىنغان پازىل مۇئەررىخ (تارىخ يازغۇچى) مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر گەرچە ئەبدۇررەشىدخاننى «رەقىبى» ئورنىدا كۆرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلققە، ۋەتەنگە، دۆلەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ شەخسىي ئاداۋەتتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆزىنىڭ پارس تىلىدا يازغان مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىگە «تارىخىي رەشىدىي» دەپ نام قويۇپ، ئەبدۇررەشىدخانغا تەقدىم قىلغان.

سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق پەزىلەتلىرىگە سەممىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئاياللار ئىمتىيازى (ھوقۇقى) نى ھۆرمەتلەشتە نەمۇنە كۆرسىتىش ئۈچۈن، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قىسمەن ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن «غەيرىي» بىر ئىش قىلدى. يەنى خانىدانلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆز نەسلى ـ نەسەبىدىكىلەردىن باشقىلارغا ئۆيلىنىش ياكى قىز بېرىش ئۆز جەمەتلىرى ئۈچۈن ئەبەدىي «ھاقارەت» دەپ سانىلاتتى. ئەمما، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ «··· ھەممىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ بالىلىرى تۇرساق» دەپ بۇرۇنقى خانلارنىڭ قائىدىلىرىنى بۇزۇپ، «قارىچۇق» دەپ قارىلىدىغان دېھقان قىزى ئامانىنساخاننى ئەقدى ـ نىكاھىغا ئېلىشى، ئوردىدا زور غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. لېكىن، خان ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ قىزلار ئىمتىيازىغا بولغان كۆز قارىشىدا چىڭ تۇردى. ئاياللارنىڭ «يېرىم ئالەم» لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەمىر ـ يارلىقلاردا، سۆھبەت سورۇنلىرىدا خوتۇن ـ قىزلارنىڭ پەزىلەت، خىسلەت، خىزمەت ··· لىرىنى ئىنچىكىلەپ تونۇتۇپ، كۆرسىتىپ ئۆتتى. ھەتتا نىكاھىنىڭ بىرىنچى شەرتى بولغان «ئاياللار ئاۋۋال ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈش» نى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. تويى خۇتبىسىگە «··· ئەللىكتىن بىرى خانغا تەيىن تاپتى ···» دېگەن ئىمزانى قوشۇپ، يىگىت ـ قىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان توينىڭ ئومۇمىي خىراجىتىنىڭ ئىككى پىرسەنتى دۆلەت خەزىنىسىگە تەۋە بولۇش تۈزۈمىنى خەلققە ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلغان.

تۆۋەندىكى ھېكايەت قەدىمكى ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشى ۋە سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

× ×

بۆزچى ھۈسىين ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىر ھەپتىدىن بۇيان توقۇغان خاملىرىنى يول چاۋىرى بىلەن «ئىسرىق» لاپ، بازارغا ئاپىرىپ يارىشىغا ساتاتتى. ئاندىن يىپ بازىرىغا بېرىپ، ھەپتىلىك تىرىكچىلىككە چۇشلۇق يىپ سېتىۋالاتتى. ئاشقان پۇلغا ئۇن ـ ياغ، سەۋزە ـ گۆش، تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتاتتى. يېقىندىن بۇيان ھۈسىين ھېرىپ ـ ئېچىپ ئىشىكتىن كىرسە، خوتۇنى زىلەيخان بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئېرىنىڭ ئالدىغا خۇش چىراي چىقىپ، ئۇنىڭ قولىدىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالمايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىلەيخان ئاخىرقى تۇغۇتىدىن كېيىن قاپىقىدىن قار،

www.uyghurkitap.com

كىرىپكىدىن يامغۇر تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى ئاز دەپ ھەممىشە ھۇسىيىندىن پۇلنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ، پۇلنىڭ ساندا ئېگىز ـ پەسلىك كۆرۈلسە، «پۇل نەگە كەتتى» دەپ جېدەل قىلاتتى. بىر بازار كۈنى بازاردىن بالدۇرراق قايتقان بۆزچى ھۇسىيىن ھويلا ئىشىكىدىن كىرىشىگىلا نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان خوتۇنى زىلەيخان ئېرىدىن خام ساتقان پۇلنىڭ ھېسابىنى ئېلىپتۇ. نەتىجىدە ئون ئالتە تەڭگە كەم چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىلەيخان: «پۇل نەگە كەتتى؟» دەپ ئېرى بىلەن جېدەللىشىپتۇ. جېدەل ئەدەپتۇ. ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ھۇسىيىن تەسلىكتە يۇدۇپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تاشلاپتۇ ـ دە، ئاچچىقىغا پايلىماي، خوتۇنىنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل ئوردىغا كەپتۇ. خەلقنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەرز ـ دادلىرىنى ئۆزى ئاڭلاپ، ئۆزى سوراشقا ئادەتلەنگەن ئەبدۇررەشىدخان بۆزچى ھۇسىيىننىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئەرز ـ دادىنى سوراپتۇ. بۆزچى ھۇسىيىن ئەبدۇررەشىدخانغا مۇنداق دەپتۇ:

«··· خوتۇنۇم بىلەن ئارىمىزدا مۇھەببەت قالمىدى. خانىمىزدا جېدەل ـ ماجىرادىن باشقا ئارام خۇدا، خاتىرجەم ئولتۇرىدىغان كۈن يوق. ماڭا دائىم تاپا ـ تەنە قىلىدۇ، دەشنەم بېرىدۇ، مەندىن ھېساب ئالىدۇ. شۇڭا ئۈزۈلۈشۈپ كېتىشكە نىيەت قىلىپ، ھۇزۇرلىرىغا داد ئېيتىپ كەلدىم.»

ئەبدۇررەشىدخان ھۇسىيىن بۆزچىنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «خوتۇنلىرىمىز ھەممىشە بىزنىڭ دەككىمىز ۋە ئاچچىقىمىزنى كۆتۈرسە، تاپا ـ تەنىلىرىمىزگە چىدىسا، خام كۆتۈرۈپ كىرگەن يىمەكلىكلىرىمىزنى پىشۇرۇپ، ئوبدىنىنى ئاۋۋال بىزگە يېگۈزسە، خانىمىزنى ئىسسىتىپ ـ يورۇتسا، ئۇسسۇلۇقتا تەشنا بولغىنىمىزدا سۈت، شەربەت، چاي بەرسە، كىر ـ قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئۇستىۋاشلىرىمىزنى پاكىزلىسا، يىرتىلغان كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ تۆشەكلىرىمىزنى يامىسا، ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن بويىدا كۆتۈرسە، سۈتلىرىنى ئەمگۈزۈپ، ھوللىرىنى قۇرۇقداپ، ئوت ـ سۇدىن ساقلىسا، ئاغرىق ـ سىلاقتىن خەۋەر ئېلىپ چوڭ قىلسا، بىر ـ بىرلەپ ئەكىرگەن بىساتلىرىمىزنى جۇغلاپ، ئائىلىمىزنى بېيىتسا، ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان، يارۇ ئاشنا ۋە مېھمانلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇلار ئالدىدا پايمال بولۇپ، نازۇ ـ نېمەت داستىخانلىرىنى راسلىسا، دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ، كۈن ـ تۈن بىزنىڭ سىردىشىمىز بولسا ··· شۇنچە ياخشىلىقلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەي، ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭدىن چىقارماقچى بولامسەن؟! سېنىڭ قەيىرىڭنى «ئەر كىشى» دېگىلى بولار؟! خاندانىمىز تەۋەسىدىكى ئەر كىشى سانىلىدىغانلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۆشنىسىدە كۆتۈرۈپ كېتەلمىسە، خاندانلىقىمىزدىن ئىبارەت بۇ زور ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق مۇشكۇلدۇر.

كۈلبەڭ (ئۆيۈڭ) دە خوتۇنۇڭنىڭ بىر كۈن بولمىغان كۈنىنى ئويلاپ باق، روزىگارىڭدىن بوران، كەيپ ـ ھالىڭدىن ۋەيرانلىق ئەكس ئېتىدۇ. تالاق (ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش) سۆزىنى ئېغىزدىن چىقىرىش مەرت ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ مەبغۇز (غەزەپلەنگەندە ئېيتىلىدىغان) سۆزدۇر. بۇ بىلازىم سۆزنى ئېيتىش ئار ـ نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان دىشۋارچىلىقنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس. سەن گەرچە جاھىللىق قىلىپ، ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايمەن، دەپ قەسەمگە ئولتۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن سەبىي باللىرىڭنىڭ ‹دادا›، ‹ئانا› دېگەن پاك، سەممىي ۋە غەرەزسىز ساداسى، سالاسى ئالدىدا لەت بولۇپ، بوششىپ كېتىشىڭ ۋە قەھرى ـ غەزىپىڭدىن قايتىشىڭ مۇمكىن».

ئۇنىڭدىن كېيىن پەردە بىلەن ئايرىلغان ھەرەمخانىدا ئەبدۇررەشىدخانىنىڭ سۆزىدىن ۋاقىپ بولغان ئامانىسا خېنىم سۆز قوشۇپ:

«... ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە مۇھەببەت تولدۇرۇپ قويغىنى يوق. ئەلۋەتتە ئەر - خوتۇن بىر - بىرلىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، مۇھەببەتنى ئۆزلىرى ئىزدىنىپ تېپىشلىرى لازىم. شۇ چاغدا ئۆيدە ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ. تۇرمۇشتا راھەت، خاندا بەرىكەت بولىدۇ.

سىز بىلىسىزكى، كېپەنلىكنى ئادەتتە ئۆلگەن ئادەملەرگە پىچىدۇ، ھاياتلارغا كېپەنلىك پىچىلمايدۇ. بىز ئاياللار ھايات كىشىلەرگە كېپەنلىك پىچىلسا، يىرگىنىپ قورققاندەك «تالاق» دېگەن سۆزنىڭ ئېغىزدىن چىقىشىدىن شۇنچە يىرگىنىپ قورقىمىز. ئەر كىشىنىڭ يوق ئىشلارغا ۋەسۋەسىلىنىپ يۇرمىگىنى ياخشى. دېمىسىمۇ بولىدىغان سۆز ۋە ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن خاتا مۆلچەر پىچماسلىقى لازىم.» دەپتۇ.

خان ۋە خانىشنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بۆزچى ھۇسىيىن ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، خاندىن ئەپۇ سوراپ، خىجىللىق ئىلكىدە خان ھۇزۇرىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ.

ھويلا ئىشىكىدىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان ھۇسىيىن بۆزچىنى كۆرگەن خوتۇنى يەنە جېدەل باشلىماقچى بولۇپ:

— سەن مېنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، ھاقارەتلىگەننى ئاز دەپ مەھكىمىگە ئاپىرىپ خالىغىنىڭنى قىلماقچىمۇ؟ ئەمدى سېنىڭ قانداق كارامىتىڭ بولسا، كۆرىمەن، — دەپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. لېكىن، قوللىرى مۇكا ئېتىشتىنمۇ ئىتتىك بولغان ھۇسىيىن بۆزچى «ئەستاغپۇرۇللا» دېگىنىچە ساقىلىنى تۇتاملاپ، تامدەك قېتىپلا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىزى زىنۋەتخان دادىسىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ:

— جېنىم دادا، سەن بىزنىڭ يۈزىمىزگە قارا، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن، يېقىندىن بېرى كېسەلنىڭ كۈچى بىلەن ئانامنىڭ سەۋدالىرى ئەدەپ كەتتى، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا ئاكىسى ھەسەن كېلىپ ئانىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— مېھرىبان ئانا، دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر، سەن ھەمىشە بىزگە يېتىملىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانلىقىڭنى سۆزلەپ، بۇ ئۆي كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ، يەنى دادالىك بىلەن ئاناڭنىڭ مىڭ تەسلىكتە قۇرغان ئۇۋىسى، دەيتتىڭ، ئەمدى بۇ ئاۋات ئۇۋاڭلارنى بۇزۇشقا قانداق چىدايسىلەر؟ — دەپ سىڭلىسى بىلەن تەڭ يىغلاپتۇ.

بۇ ئىككى جۈپ پاك كۆزدىن ئاققان باھار يامغۇرىدەك ياش ئانا - ئانىنىڭ دىلىدىكى غەشلىكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ، دىللىرىدىكى ئاداۋەتنى يۇمشىتىشقا مەلھەم بوپتۇ.

ھۇسىيىن بۆزچى بالىلىرىغا:

— بالىلىرىم سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار توغرا، ئاناڭلار بىلەن مەن بىر - بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىپ، زورىگار قۇرۇپ سىلەرگە ئاتا - ئانا بولدۇق. تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خانىمىز بەرىكەت تاپقاندى. ئەمما، مەن بىۋاپا ئادەم ئاناڭلارنىڭ خىزمەت ۋە ئەقىدىسىنى، سىلەرنى ئۇنتۇپ خان ھۇزۇرىغا شىكايەت قىلىپ باردىم ... — دەپ ئوردىدا ئەبدۇررەشىدخان بىلەن ئامانىسا خېنىمنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆز قىلمىشىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ. زىلەيخان:

— مەن ئۈچۈن ھەمىشە قالقان بولىدىغان، يىرتقىمنى يېقىن، يوقنى ئەھيا قىلىدىغان، ئائىلىمىزنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىدىغان، ھەتتا خانىمىزنىڭ قازىنى ئۈچۈن ئوتۇن بولۇپ كۆيىدىغان، ئەلنى، يۇرتنى ۋە بىزلەرنى قوغداش ئۈچۈن ياۋلارغا قارشى ئاتلىنىدىغان ئاتاڭلارنى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا رەنجىتكىنىمنىڭ خان ھۇزۇرىغىچە بېرىپ يەتكىنىنى، يەنە شاھىمىزنىڭ پاراسەتلىك بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، زىيادە خىجالەتچىلىكتە قالدىم. مەن خاتا قىپتىمەن. ئاۋۋال ئۇلۇغ خانىمىزدىن، ئاندىن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن، — دەپ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكىلەر ئىناق، ئىجىل ئۆتۈپتۇ. ئائىلە بەرىكەت ۋە راۋاج

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېپىپ، نەۋرە ـ چەۋرىلەرنى قاتارغا قوشۇپتۇ.

## 3. «نىكاھ» كىم ئۈچۈن

ئەدەپ ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىزنىڭ غورۇرى بولغان ئەبدۇررەشىدخان زامانىسىدا پۈتۈن يۇرتتا «ئۇزۇلۇشمىز» دەپ مەھكىمىلەرگە بارىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، خان «يېرىم ئالەم» بولغان خاتۇنلار مەسىلىسىدە ئىنساب ۋە ئادالەتنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئىمتىيازىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. شۇڭا، ئەففە (پاك، ئۆز نەپسىنى ساقلىغۇچى) خاتۇنى ئامانىسا خېنىم ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئەبدۇررەشىدخانغا بۇرۇنقى خانلارنىڭ خوتۇنلىرىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كەمچەت ـ قاما جۇۋىلار ··· نى مىراس قالدۇرماي، خانغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كۆز يۇمغانىدى:

«··· مەن يېقىن سائەتتە ئالەمدىن ئۆتىدىغاندەك تۇرىمەن. ھەزرەتلىرىدىن ئۈمىدىم شۇكى، كەمىنە روزىغارلىرى پۈتۈن ھاياتىمدا ئەل مەدەنىيىتى ئۈچۈن تىرىشتىم، يازدىم. مېنىڭ ئاخىرەتكە سەرمايە بولغۇدەك ياخشى خىسلەت ـ پەزىلىتىممۇ يوق. مال ـ دۇنيايىم ئەسلا يوق. ئاشۇ كات ئۈستىدىكى يېڭى تاغاردا ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قۇمۇش قەلەم قىرىندىسى مېنىڭ ھاياتىمدا يىغقان خەزىنەمدۇر. مەن ھەر بىر خەت ئۈچۈن ئۈچلانغان قۇمۇش قەلەم قىرىندىسىنى جۇغلاپ قويغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ سىزغان قەلىمىمنىڭ ئەجرى ۋە سەمەرىسى بولسۇن. باقىي ئالەمگە ئالغاچ كېتەي. شۇ قەلەم قىرىندىسى بىلەن مېنى يۇيىدىغان تەرەت سۈيى ئىسسىتىلىپ بەدىنىم يۇيۇلسۇن.

مۆھتەرەمە ھەم ئالىمە مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇتى خېتى بىلەن يېزىلغان مۇسھەف شەرىفنى[①] تېخى كۆچۈرۇپ بولالمىغان ئىدىم. ئۇنى باكىرە ياش قىزلاردىن بىرى تاماملاپ پۈتتۈرگەي. يۇرتتىكى ھەممەيلەنگە تەقدىم ۋە تەلىم قىلغايلا. ئالىمە پاتىمە بىنت ئەھمەد بىننى مۇھەممەد سەمەرقەندى تەرىپىدىن خەتتى پارسى[②] بىلەن مەقبەرەمگە خاتىرە يېزىلغاي ···»

بۇ ھال ئەبدۇررەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئالىمە، پازىلە، ئەففە (پاك) ئامانىسا خېنىمنىڭ پاك مۇھەببىتى، ھۆرمىتى، خاتىرىسى ئۈچۈن پاكلىقنى ساقلاپ خۇددى ئەركەك ئاققۇدەك يەككە ـ يىگانە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. بۇلارنىڭ راستچىل بولۇش، ئىنساب قىلىش، ۋاپادار بولۇشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەل بىر ـ بىرلىرىنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىدىغان ۋە كۆيۈنىشىدىغان بولغان. ئۆز يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى ساقلىغان.

كېيىنكى ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھەرخىل تۇسكە كىرىشكە باشلىدى. ئەمما، مۇنەۋۋەر زاتلىرىمىز ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئەجدادلىرىمىز جەسەت بىلەن تام قوپۇرۇپ باغ ئەتكەن، قان بىلەن سۇغىرىپ، چېچەكلەتكەن پەزىلەت مۆجىزىلىرىنى ساقلاشقا تىرىشىپ كۆردى. شۇڭا، مەشھۇر پازىل ئالىملىرىمىزدىن مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، شەمسىددىن داموللام «مۇھىمماتى زەۋجان»، جاھالەتكە ۋە نادانلىققا قارشى ئوت ئاچقۇچى ئابدۇقادىر داموللام «نەسىھەتى ئامىمە» قاتارلىق ئىلمىي، تارىخىي، ئەخلاقىي ئەسەرلىرىنى يېزىپ، خەلق ئىچىگە تارقىتىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يوقىتىشنىڭ تولىمۇ نادانلىق بولىدىغانلىقىنى، قايتا ـ قايتا تونۇتۇپ، ئۇنى ساقلاش لازىم دەپ تەۋسىيە قىلىشتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئىدىل ئورال ئالىملىرىدىن رىزائىددىن بىننى

---

① مۇسھەف شەرىف ـ قۇرئان كەرىم.
② خەتتى پارسى ـ خەتتاتلىقتىكى بىر خىل خەت شەكلى.

پەخرىددىن «مەشھۇر خاتۇنلار» ناملىق ئۇچيۈز ئاتمىش نەچچە نەپەر مۆھتەرەمە ۋالىدىلەرنى (ئانىلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ۋە خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرغان ئەسىرى ۋە قىزى زەينەپ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتى ھەمدە بىجىرىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ھەققىدە يېزىلغان «ئائىلە» ناملىق ئەسەرلىرى (بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ گېزىتى 1945 ـ يىللىرى رىسالە شەكلىدە باسقان ئىدى) بار. بۇ ئەسەرلەر جامائەتنىڭ فېئوداللىق، خۇراپىي كۆز قاراشلىرىنى تۈزىتىشكە ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى ساقلاشقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىنىڭ ھازىرقى ئىلغارلىرى دەپ ئاتالغان ياپون خەلقىمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئائىلىۋى ھايات، نىكاھلىنىش مەسىلىسىگە زور ئېتىبار بىلەن قارىدى. شۇڭا، 1905 ـ يىللىردا ياپونىيىدىكى ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدە ماقالىلار ئېلان قىلىنغان ژۇرناللار بىرلىشىپ، «سىزگە قانداق ئەر كېرەك؟» دېگەن تېمىدا بەس مۇنازىرە قوزغاپ، ئالىم، مۇھەررىر، ئەدىپ ئاياللارنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرىدىن تاللاپ، بۇ ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى. مائارىپ ئورگانلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلارنى تۇرمۇشقا چۈكۈشكە دەۋەت قىلىپ، ئەمەلىي تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە قىلىپ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشتىن ئىلگىرى بىر ـ بىرىنى ۋە تۇرمۇشنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە مەۋقە تۇرغۇزۇپ بەردى.

ئەمما بىزچۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق پەزىلەتلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەھيا قىلىپ، بىزگە قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ كەتكەن «ئىپارگۈل» لىرىنى بىر ياپراق ـ بىر ياپراقتىن تېتىپ دەپسەندە قىلىۋاتىمىز.

لېكىن، بۇ ھەقتە بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. چۈنكى، ئۇلار «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىدى. كىشىلەر: «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ ماددىي بايلىقلىرى بۇزۇلدى، ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر ۋەيران بولدى، كىتابلار كۆيدۈرۈلدى ... ۋەھاكازالار، دەيدۇ. مېنىڭچە ھەممە نەرسە ئوڭشىلىدۇ ۋە ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەمما، ياشلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە ئۇچرىغان زىيىنىنى ھېچ نەرسە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان ئىككى ئاياغلىق «تەلۋە» لەر بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ پەزىلىتىنى يوقىتىپ، يارامسىز بولۇپ چىقىشى ھەممىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن پاراكەندىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرىمىز، ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئورگانلىرىمىز، شۇنداقلا قەلەم تۇتقۇچىلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىمىزنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارغا تونۇتۇپ، پورەكلەپ گۈللەۋاتقان ياشلىرىمىزغا «بىز زادى كىملەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدۇق. ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، كىم بولۇشقا قاراپ ماڭماقتىمىز؟» دېگەننى تونۇتساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز تولىمۇ يورۇق بولغان بولار ئىدى.

ئەگەر ياش ئەۋلادلىرىمىزغا ھەقىقىي مەدەنىيەت ۋاستىسى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىمىزنى سىڭدۈرگەن بولساق، ئۇلار كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، ئەيش ـ ئىشرەت ... لەرگە بېرىلمەي ۋاپادارلىق بىلەن ئۆمۈرلۈك ئائىلە قۇرۇپ، بىر نىكاھ بىلەن ئۆتۈپ، نىكاھدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قەسەمگە ۋاپا قىلغان بولاتتى. ئۆزلىرى خالىشىپ، سىنىشىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن خۇشال ـ خۇرام تەنتەنىلىك ئۆتكۈزگەن «توي ـ نىكاھ» لىرىنىڭ نامىنى ساقلىغان بولاتتى.

خوتۇن ـ قىزلىرىمىز قايمۇققان ھالەتتە تەمتىرىشىپ قالدى. تۇرمۇشى بۇزۇلۇپ، ئىقتىسادى ۋەيران بولدى. بىر مۇنچە باللار ئاتا ـ ئانىسى ھايات تۇرۇپمۇ يېتىم قالدى. ھەممە تەرەپتىن خىجالەتتە قېپقالغان خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈشكە بولارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەشەككۇر، تەشەببۇس ۋە تەپەككۇر

## پەخرىددىن ئىمىن

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسىنى تەسىس قىلغانلىقى رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ياخشى باشلىنىش. بۇ سەھىپە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى رەتلەپ، خەلققە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ئاساس، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سەھىپىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا قىزىققۇچى كەڭ ھەۋەسكارلاردىن ئىبارەت. سەھىپىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، تارىخى، ئۇيغۇر پەلسەپىسى، تىبابىتى، ئۇيغۇر مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسى شۇنداقلا، تىل ۋە دىنغا ئائىت ئەسەرلەر؛ ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە ۋە ئارخېئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ھەمدە شۇلارغا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئىزاھلانغان، تەھلىل قىلىنغان ۋە شەرھىلەنگەن ماقالىلار؛ ئۆگەنگۈچى، ئىزدەنگۈچىلەر ھەم ھېرىسمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قىيىن نۇقتىلار، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆز - ئىبارىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە بۇ توغرىلىق بېرىلگەن جاۋابلار «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدۇر. تارىخىي مىراسلىرىمىزنىڭ ھەربىر ۋارىسى، ھەربىر ھەۋەسكارى بۇ سەھىپىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىغا شادلانماي ۋە تەشەككۇر ئىزھار قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئايانكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى ۋە ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئىسىملىرىلا مەخسۇس تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىگۈدەك يېتەرلىك تېما. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى ئەرەبچە ياكى پارسچە، ياكى بولمىسا قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى بويىچە تونۇلغان. ئاپتورلار بولسا ئۆز ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كەسىپ ئەھلىلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە چۈشىنىكسىز بولغان ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقىچە سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان. بەزى ئەسەرلەردە ھەتتا ئاپتورنىڭ ئەنە شۇنداق تەخەللۇسىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى مەلۇم ئەمەس، مەسىلەن: ئەتائى، مەجلىسى، خارەزمى دېگەنگە ئوخشاش. بەزى ئاپتورلار ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلغان بولۇپ، بۇنداقناملار بىلەن ئاتالغان يۇرتلاردىن بەزىلىرىنى بۈگۈنكى كۈندە تارىخىي مەنبەلەردىنمۇ ئاختۇرۇپ تاپقىلى بولمايدۇ (مەسىلەن: يۈكنەك ــ ئەھمەد يۈكنەكى). يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەن مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئىسمىدىن ئۇنىڭ نېمە توغرىلىق يېزىلغان ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىدىن مەھرۇم بولغىنىدەك، ئاپتورنىڭ ئىسمىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرمۇ، پارسمۇ ياكى ئەرەبمۇ، تەخەللۇسىنىڭ ئۇنىڭ فامىلىسى ياكى يۇرتى ۋەياكى ئەمەل - ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسى ئالدى بىلەن مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر باشلانغۇچ بىلىملەرگە ئىگە قىلغۇسى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تۈرى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى رەڭگا - رەڭ بولغىنىدەك، تىلى تولىمۇ گۈزەل ۋە باي. مەيلى قايسى تۈر، قانداق مەزمۇندىكى ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللار دائىرىسىدە ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئەمەس. مەزمۇن ۋە مەنبە جەھەتتىمۇ خۇددى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇ ئەسەرلەردە نۇرغۇنلىغان تۈرلۈك - تۈرلۈك ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ھېكايە ۋە ۋەقەلەر، ئەپسانىۋى - تارىخىي شەخسلەر، ھەر خىل ئاتالغۇلار، تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقال - تەمسىللەر، يەر - جاي ئىسىملىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ. ھازىرقى كۈندە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى، بەلكى مۇتلەق كۆپ قىسمى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ياكى ئىستېمالدىن قالغان بولغاچقا، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇلارنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ چۈشىنەلىشى ناتايىن. كەسىپ ئەھلى بولغان ئۇستازلارنىڭ ھىممەت ۋە ئىجتىھادى ئارقىسىدا، «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى يۇقىرىدىكى تېمىلار بويىچە بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە قىلىپ، تارىخىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ھەقلىق يوسۇندىكى ۋارىسى ۋە ئىز باسارى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققۇسى.

مەن بۇ سەھىپىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا كەڭ ئوقۇرمەنلەر قاتارىدا سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈمدىكى قىزغىن ھەۋەسنىڭ تەقەززاسى بىلەن «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسىگە، جۈملىدىن «بۇلاق» ژۇرنىلىدىن تۆۋەندىكىلەرنى تەشەببۇس قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ قالدىم:

1. ھازىرغىچە ئۇيغۇر كلاسسىك (ئەدەبىي ۋە باشقا) ئەسەرلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاشتا پەقەت تېكىستلا تەرجىمە قىلىنىپ، ئەسەر ئىسمى ياكى ماۋزۇسى ئۆز پېتى ئېلىنىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ تېكىستىنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئاۋۋال ئەسەرنىڭ نامى (ياكى ماۋزۇسى) تەرجىمە قىلىنىدۇ. تەرجىمە ئىشلىرىدا ئەسەرنىڭ نامىنى ئەسلىدىكى تىل بويىچە (مەسىلەن: «تارىخى رەشىدىي»، «گۈلزارى بىنىش»، «قۇتادغۇبىلىگ») قالدۇرىدىغان ئىش بولغان ئەمەس. بۇ قائىدىنى كلاسسىك ئەدەبىي تىلنى ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغىمۇ تەدبىقلاش كېرەك. ئەگەر بىرەر ئەسەر ترانسكرىپسىيە قىلىنماي، تەرجىمە قىلىنغانلا بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ نامى ياكى ماۋزۇسى ئەسلى مەنىسى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىخچام تەرجىمە قىلىنسا ياخشى بولغان بولاتتى.

2. ئەگەر ئەسەر ماۋزۇسىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەسلى يېزىقتىكى شەكلى قوشۇپ بېرىلسە، بولۇپمۇ ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا توغرا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ترانسكرىپسىيە قىلغاندا ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنىش تەس. شۇڭا، بىر ئەسەرنىڭ نامى ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى خىلمۇ خىل سۆزلەر بىلەن تونۇشتۇرۇلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بۇنداق خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماۋزۇ تەرجىمە ياكى ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسلى تىل - يېزىقتىكى شەكلى تىرناق ئىچىگە ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىلاۋە قىلىنغان بولسا ياخشى بولاتتى.

3. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك كلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇسىدىن، تەخەللۇسىنى يۇرتىدىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ ئىسىم ۋە تەخەللۇسلىرى مۇمكىنقەدەر ھازىرقى زامان قائىدىسى بويىچە ئېلىنسا ۋە تەخەللۇسى ئىسمىدىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

تىرناق ئىچىگە ئېلىنسا، مەسىلەن: مەھمۇد (قەشقەرى)، ئەلىشىر (نەۋائى)، ناسىرىددىن (رەبغۇزى) دېگەنگە ئوخشاش.

4. ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلاردا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھازىرقى زامان تىل قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىنىپ، دەبدەبىلىك، چۈشىنىكسىز ۋە ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر ئامال بار ئىشلىتىلمىسە. ئۇنداق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئەينەن ياكى مەنەن تەرجىمىسى قوللىنىلسا. ئىمكانىيەت بولمىغان ئەھۋالدا ئامىدباپ ئۇسلۇبتا شەرھىلەنسە. شۇنداق بولغاندا بۇ خىل ماقالىلار تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان بولاتتى.

ئۆز تەشەببۇسۇمنى ئۆزۈمگە تۇرتكە قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىر قانچىسى ئۈستىدە ئىناۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، سەۋىيەمنىڭ يېتىشىچە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرەي:

## 1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد (قەشقەرى) نىڭ يىرىك ئەسىرى. ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى «دىۋانۇللۇغاتىتتۈرك» بولۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەنە شۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، لېكىن تولۇق تەرجىمىسى ئەمەس. تولۇق بولمىغان يېرى — «دىۋان» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ ئۆز پېتى ئېلىنغانلىقىدۇر. «دىۋان» — ① كاتتا يىغىلىش، ② ئىشخانا، ③ توپلام دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇ يەردە «دىۋان» توپلام دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن، ئەسەرنىڭ نامىنى ئۇيغۇر تىلىدا «تۈركىي سۆزلەر توپلىمى» دەپ ئالغاندا ئاندىن تولۇق تەرجىمە قىلىنغان بولىدۇ ۋە ھەرقانداق سەۋىيىدىكى ئادەم بۇنىڭدىن ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدۇ.

مەھمۇد (قەشقەرى)، مەھمۇد ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى، «قەشقەرى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئورنىدا قوللانغان يۇرتىنىڭ نامى. بۇنداق ئاتاش ئەرەبچە ئاتالغۇلار قائىدىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ قەشقەرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر بۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرى قائىدىسىگە سالساق «قەشقەرلىك مەھمۇد» دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

مەھمۇد (قەشقەرى) 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بوۋىسى. ئۇنىڭ يۇرتى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىغ كەنتىدۇر (ھازىرقى قۇمباغ كەنتى).

## 2. «قۇتادغۇبىلىگ»

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ (خاس ھاجىپ) نىڭ بۈيۈك ئەسىرى. «قۇتادغۇبىلىگ» ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «بەرىكەت بەرگۈچى بىلىم» دېگەندىن ئىبارەت. يەنى «قۇت» سۆزى بەرىكەت دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار «قۇت، بەرىكەت» دېگەن تەڭ مەنىلىك سۆزنى بىللە قوللىنىدۇ. يەنە، «مۇبارەك بولسۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا بەزىدە «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. «بەرىكەت، مۇبارەك» دېگەنلەر ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «باياشادلىق، مولچىلىق، كەڭرىلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «قۇتادغۇ» سۆزى بولسا «قۇت» سۆزىگە «ئاتغۇ» (ئەتكۈ) قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ «بەرىكەت ئاتا قىلغۇچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سۆز ياساش ئۇسۇلى ھازىرقى كۈندىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ئەسقاتتى، يەنى ئاسىغ (پايدا، مەنپەئەت) + ئەتتى (قىلدى)» دېگەنگە ئوخشاش.

«قۇتاد» (يەنى «قۇت+ئەت») سۆزىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ

«قۇتاتتى» (قۇت+ئەتتى)، «قۇتاتماق» (قۇت+ئەتمەك) دېگەن سۆزلەر بار. مەسىلەن: ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا سېتىۋالغۇچى سېتىپ بەرگۈچىگە پۇل بېرىپ، «رازى بولۇڭ» دەيدۇ. سېتىپ بەرگۈچى بولسا «بەرىكەت قىلسۇن» ياكى «قۇتاتسۇن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ يەردە ئوخشاشلا «قۇت» سۆزى بىلەن «بەرىكەت» سۆزى بىر مەنىدە كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن: بىر كىم مەلۇم بىرەر نەرسىگە (مال ـ مۈلۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) ئىگە بولۇپ، شۇ نەرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆتكەن ياكى كۆتمىگەن مەنپەئەتكە ئېرىشسە، ياكى تۇرمۇشى ياخشىلانسا، «بۇ (نەرسە) ماڭا قۇتاتتى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «قۇتاتتى» (قۇت+ئەتتى) دېگەن سۆز بەرىكەت (باياشادلىق، مولچىلىق، كەڭرىلىك) ئاتا قىلدى، دېگەن مەنىگە ئىگە. دېمەك، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ سۆزمۇ سۆز مەنىسى «بەرىكەت بەرگۈچى بىلىم» دېگەندىن ئىبارەت («بەرىكەت» ئەرەبچىدىن ئەينەن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىستېمال قىلىنغان).

يۇسۇف (خاس هاجىپ)، يۇسۇف — ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى، خاس هاجىپ بولسا مەنسەپ ياكى ئۇنۋانى بولۇپ، ئەرەبچە سۆز. «خاس» — «مەخسۇس، تەئەللۇق» دېگەندەك مەنىلەرگە، «هاجىپ» — پەردىلىگۈچى، ئۇيالدۇرغۇچى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. «هاجىپ» كەڭ مەنىدە «ئەدەپ ـ ئەخلاق پەردىسىنى (يەنى — پەردەئى شەب) يايغۇچى، شەرم ـ هايا بىلەن ئاگاهلاندۇرغۇچى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك «خاس هاجىپ» — «مەخسۇس ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتكۈچى» ياكى «مەخسۇس ئەخلاق قائىدىلىرى ئۇستازى» دېگەن مەنىگە ئىگە.

يۇسۇف (خاس هاجىپ) 11 ـ ئەسىردە بالاساغۇن شەهىرىدە دۇنياغا كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىگ» نى ئۆز يۇرتىدا يېزىشقا باشلاپ، قەشقەردە تاماملىغان. «خاس هاجىپ» ئۇنۋانىنى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئەبۇ ئەلى هەسەن ئارسلانخان (تاۋغاچ بۇغرا قاراخان) بەرگەن.

### 3. «ئەتەبەتۇلهەقايىق»

ئۇيغۇر ئەدىب ئەهمەد (يۈكنەكى) نىڭ يىگانە ئەسىرى. «ئەتەبەتۇلهەقايىق» ئەرەبچە سۆز، مەنىسى «هەقىقەتلەر بوسۇغۇسى» دېگەندىن ئىبارەت. يەنى «ئەتەبە» — «بوسۇغا»، «هەقايىق» — «هەقىقەت» سۆزىنىڭ كۆپلۈك تۈرى — «هەقىقەتلەر» دېگەن مەنىگە ئىگە.

ئەهمەد — ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى، يۈكنەك — ئۇنىڭ يۇرتى بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، يۈكنەك شۇ دەۋردىكى بىر شەهەرنىڭ نامى بولۇپ، سەمەرقەند شەهىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. ئەهمەد (يۈكنەكى) قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، تەخمىنەن 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەدىب. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەهمەد (يۈكنەكى) نىڭ كۆزى تۇغما قارىغۇ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىلى ساق ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ نۇرلۇق ۋە روشەن ئىدى.

×× ×× ××

يۇقىرىدىكىلەر كۆپچىلىككە ئايان بولغان ئادەتتىكى ساۋادلار بولۇشىغا قارىماي، شۇ ئارقىلىق «كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى» سەھىپىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىمنى ئىزهار قىلدىم. بۇ مۇشۇ سەھىپىنىڭ يۈز ئاچقۇسى ياكى كۆرۈملۈكى بولۇپ قالار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى

«بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆۋەندىكى سەھىپىلەر بويىچە ئەسەر قوبۇل قىلىدۇ:

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىجاد قىلغان ياكى تەرجىمە ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن ھەر خىل تۈر ۋە ژانىردىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بېرى ياراتقان ياكى تەرجىمە قىلغان تارىخىي خاتىرە، تەزكىرە، ساياھەت خاتىرىلىرى، تۈرلۈك ھۆججەت، توختام، ۋەسىقىلەر ۋە باشقا خەت ـ چەكلەردىن تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدەبىي مىراسلار ياكى ئۇلاردىن نەمۇنىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي خاتىرىلەر، تەزكىرىلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى، ھۆججەت، ۋەسىقىلەردىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل تۈر، ھەر خىل ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرى بېرىلىدۇ. قەلەمگە ئېلىنغان ياكى ئاغزاكى تارقالغان خەلق داستانلىرى، خەلق قىسسىلىرى، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپىلەر، لاپلار، ھېكايىلەر، بېيىت ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، مەسەللەر ۋە باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

بۇ سەھىپىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىغا ۋە ئۇلار ياشىغان زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېتنىك ناملار، يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئارخېئولوگىيە، دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ماقالىلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، ھۈنەر ـ سەنئەت ئالاھىدە-لىكلىرىگە دائىر مەخسۇس تېمىدىكى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە دىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تارىخى، تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى، بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە دىن بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە بۇيۇملارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە رىسالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى، شەرق ۋە غەرب پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە ئەكس ئەتكەن پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### تىبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى ئەخلاق - پەزىلەت

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى مائارىپ، تەنتەربىيە

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ قاراشلىرى، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا تەتقىقاتى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان ئەنئەنىۋى قانۇن - نىزام، ئەمر - پەرمانلار، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئەجدادلار نەسىھەتى

بۇ سەھىپىدە قەدىمكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى، كلاسسىكلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر ئەدەبىي مىراسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مەشھۇر ئەسەرلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجاد قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## مەشھۇر شەخسلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى

بۇ سەھىپىدە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئىزاھلانغان، تەھلىل قىلىنغان ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسلىكلەردىكى قىيىن نۇقتىلار، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆز - ئىبارىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابلار ئېلان قىلىنىدۇ.

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ، يېقىندىن يېزىلغان تۈرلۈك ژانىردىكى بىئوگرافىك ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## تارىختىن ئىزلار

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، يېقىندىن يېزىلغان تارىخىي تېمىدىكى تۈرلۈك بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلاردىن پارچىلار ئېلان قىلىنىدۇ.

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

بۇ سەھىپىدە ئەدەبىياتىمىزدا يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى يېڭى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا يېزىلغان باھا - تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئۇچۇرلار

بۇ سەھىپىدە يېڭى خەۋەر - ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز يۇقىرىقى سەھىپىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ھەرقايسى سانلارغا بۆلۈپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىجرا قىلىدۇ. ئاپتورلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سەھىپىلەر بويىچە يازغان ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، بۇ سەھىپىلەردىن بەھرە ئېلىشنى ئىزدىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.